中华人民共和国国家民族事务委员会主管　民族团结杂志社主办　国家级综合性双月刊　www.seltenet.com




2015 ـ يىللىق 4 ـ سان
(ئومۇمىي 161 ـ سان)

# جۇڭگو مىللەتلىرى

ISSN 1009-8917
9 771009 891012 07

دۆلەت دەرىجىلىك قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال　يەككە باھاسى: 8.00 يۈەن　«ھەر ۋاقىت مۇشتەرى بولۇش» قىزىق لىنىيەسى: 8530016 (0991)

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە 7 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق - تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدىن خاتىرىلەر

uyghurkitap.com



















ئېلىجان ئىسمائىل فوتوسى

## هەرقانداق ئادەمدە ئىجادچانلىق قۇدرىتى بولىدۇ

هەرقانداق بىر ئادەم ئۆز تەقدىرىنىڭ لايىھەلىگۈچىسى، ئىشتىراكچىسى ۋە ئەڭ ئاخىرقى مەسئۇلىدۇر. شۇڭلاشقا، «قىممەت تۇيغۇسى»غا ئىگە هەرقانداق بىر ئادەم ئىگىلىك تىكلەشنى هەممىنىڭ ئالدىغا قويۇشى كېرەك. «ئىگىلىك تىكلەش» دېگەندە، يېڭى كەسىپلەرنى ئېچىش، ئەڭ ئېسىل ۋە گۈزەل ئىشلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، هەرقانداق بىر ئادەمدە ئىجادىيەت قۇدرىتى بولىدۇ، مەيلى ئۇ ئاددىي پۇقرا ياكى كاتتا ئەمەلدار بولسۇن، مەيلى دىرېكتور ياكى تەتقىقاتچى بولسۇن... بۇ يەردىكى هەل قىلغۇچ مەسىلە، ئىگىلىك تىكلەشنىڭ ياخشى پۇرسەتلىرىنى چىڭ تۇتۇش ـ تۇتالماسلىق ۋە تەقلىدچىلىك ئىدىيەسىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش ـ چىقالماسلىقتا ئىپادىلىنىدۇ. ئادەمدە بەدەل تۆلەش ـ قۇربان بېرىش روھىلا بولىدىكەن، چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن ئۈمىد تۇغۇلىدۇ.

«ناۋادا سىز مۇۋەپپەقىيەت بىلەن دىدارلاشماقچى بولسىڭىز» ناملىق
كىتابتىن ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمە قىلىپ تەييارلىغان

ئائىلىگىزدە «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى بار بولسۇن

خاسلىقىمىز — ئالقىشلىنىدىغىنىمىز!

...ى بولى ئاللىسۇن، بىزمۇ ياخشىسىنى تاللايمىز!


... نەشر قىلىنغان

باشقۇرغۇچى:
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك
مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى
نەشر قىلغۇچى:
مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتى




16 ـ بەت

دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر گۈللىنىشىنىڭ تۈزۈم جەھەتتىكى كاپالىتى

مۇندەرىجە contents


سۆزلۈك قەترىلەر
ھەرقانداق ئادەمدە ئىجادچانلىق قۇدرىتى بولىدۇ ........................ ئابدۇقادىر جالالىدىن تەييارلىغان (1)

بىرىنچى كۆزنەك
شىنجاڭنىڭ قاغىلىق ناھىيە چارباغ بازىرىدا تۇنجى نۆۋەتلىك «شاپتۇل چېچىكى بايرىمى» ئۆتكۈزۈلدى ......... جىن ۋېي (4)
گۇاڭشى سەنجياڭ: مىللىيچە ناخشا ـ ئۇسسۇل نومۇرلىرى قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتىغا ياردەمچى بولدى ..... گۇڭ پېڭكاڭ (6)

مىللەتلەر خىزمىتى خەۋەرلىرى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە 7 ـ قېتىملىق مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى ........................ مۇھەممەدسالىھ مەتروزى (8)

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە ماقالىسى
شى جۇڭشۈنىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بولغان مۇھەببىتى (1) ........................ (9)
دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر گۈللىنىشىنىڭ تۈزۈم جەھەتتىكى كاپالىتى — يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنى زىيارەت ....... (16)

مىللەتلەر خىزمىتى تەتقىقاتى
ئادەمنى ئاساس قىلىش — مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇشنىڭ تۈپ ئىدىيەسى ........................ سۈي چېڭ (12)

مىللەت ۋە مەدەنىيەت
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن 13 غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى «4 ـ تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكى»گە تاللاندى ........................ (23)
قومۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كەشتىچىلىكى ۋە كەشتە مەدەنىيىتى ........................ يۇنۇس سادىق (24)

مىللەت ۋە ساپا
ئايال ۋە ئائىلە (1) ........................ گۈلباھار ناسىر (29)

كۆسەن مەدەنىيەت تەتقىقاتى مۇنبىرى
كۇچادىكى بىر قىسىم ئاساسلىق ساياھەت نۇقتىلىرى (1) ........................ ئەھەد داۋۇت (34)

مىللەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت
«ئەتلەس يۇرتى»دا كوللېكتىپ توي ........................ ئۆركەش جاپپار (36)

مىللەت ۋە دەۋرىمىز ياشلىرى
ئالىي مەكتەپ شەھىرى — ۋۇخەندە ھاياتنى نۇرلاندۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرى ... شادىيە ئامانۇللا، گۈلبوستان غۇلام (40)

مىللەت ۋە يېمەك ـ ئىچمەك
تېرىملىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى جاڭگال كاۋاپلىرى ........................ سادىر سابىر نەزەرى (49)

كىتابتىن باشلانغان پاراڭلار
شائىر مۇھەممەدجان راشىدىن، پىروفېسسور ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي، تەتقىقاتچى ئابدۇرازاق سايىملار بىلەن سۆھبەت ........................ گۈلشات تەلئەت، ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم، مېھرىبان نىياز چوغلۇق (50)


60 ـ بەت

ـ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇتەللىپ مەتتوختى بىلەن سۆھبەت




نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر: ۋېي گوشيۇڭ (خۇيزۇ)
مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر : شاۋ بىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: لى شياۋلىن (مياۋزۇ)
مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى: مەن جىلا (موڭغۇل)

مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتى شىنجاڭ شۆبە ئىدارىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

( ئومۇمىي 161 ـ سان )
(ئۇيغۇرچىسى 1988 ـ يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان)





باش مۇھەررىر ،
ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
مۇھەممەدسالىھ مەتروزى
تېلېفون، فاكس: 8533288 (0991)





ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەسئۇل مۇھەررىر:
ئەركىن ئەبەيدۇللا
تېلېفون: 8558377 (0991)





مۇھەررىر:
تۇرغۇن يىلتىز
تېلېفون: 8558377 (0991)





گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:
دىلشات ئىدرىس
تېلېفون: 8558377 (0991)





شىنجاڭ شۆبە ئىدارە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى:
ھەسەنجان ئابدۇلئەھەد
تېلېفون، فاكس: 8530016 (0991)



مىللەت ۋە مەدەنىيەت

24 ـ بەت



36 ـ بەت

«ئەتلەس يۇرتى»دا
كوللېكتىپ توي

گۈلۈم


سېنىڭسىز بۇ هايات ........ مەرىيەم هامىدىن (58)
ئادەم سەن ........ گۈلبوستان پازىل ۋاسلى (58)
مەن بۈگۈن تەنها ........ مەلىكە مۇهەممەت (58)
ئىككى شېئىر ........ پەرىدە ياقۇپ (58)
رەسسام بولسام ........ بېلىقىز تۇرسۇنتوختى (سۈبھى) (59)
گۈزەل سىما ........ گۈلباهار مۇهەممەد ماهى (59)
ساڭا تۇراي يانىمۇ يان ........ گۈلنىساخان ئىمىن گۈلخان (59)
رۇبائىيلار ........ ئامىنە ئابدۇۋايىت (تاجىك) (59)


سۆهبەت


شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى مىللەتلەر ـــ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇتەللىپ مەتتوختى بىلەن سۆهبەت
........ مۇهەممەدسالىھ مەتروزى (60)


مەن ۋە «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى


ئەل ـ ئاۋامنىڭ نەزىرىدە «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى ... غەيرەت ئاسىم، يالقۇن روزى، ئەنۋەر هوشۇر، مەۋلۇت ئىبراهىم (66)


ژۇرنىلىمىز بايقىغان يېڭى يۇلتۇزلار


چۈش، دەرەخ ۋە جىمجىتلىق ........ ئايىمنىسا سۇلايمان (69)


ئەدىبلەر مۇنبىرى


«كامىلجاننىڭ قارا سومكىسى» ناملىق شېئىرىم هەققىدە ........ هۆرىيەت مۇهەممەت (71)


هېكمەت دۇردانىلىرى


خىيال دوقمۇشلىرى ........ روزىمۇهەممەد نىزام (75)
ئاز ۋە كۆپ ........ ئابدۇراخمان ئابباس (75)


هەزىل سوئالغا هەزىل جاۋاب


هەزىل سوئالغا هەزىل جاۋاب ۋە جاۋاب كۈتكەن سوئاللار .... توخنىياز ئىسمائىل نىدائى، ئابدۇخېلىل مىرخېلىل قاتارلىقلار (76)


ۇلدەستە


ېئىرلار ........ غوجىمۇهەممەد مۇهەممەد (78)
غدايئۆك ........ رەخىم ياسىن قاينامى (78)
ۇدىسەڭ ........ مەخمۇت ئاۋۇت ئۆگمەس (78)
ئىر ۋە قىز ........ ئابلىز ئۆمەر هاجى (78)
ائىيلار ........ ئابلىز ئۆمەر ئەنجانى (78)
كېتىشنى خالىغان بولساڭ ........ راخمانجان ئاۋۇت ئۆزهال (79)
دىكى قىزلار ........ مۇتەللىپ مەنسۇر ئۇۋچى (79)
ار ........ ئوسمان تۇرسۇننىياز تۇغلان (79)
دى بىر سۆز مېنى ........ ئادىلجان ئابدۇرېهىم (79)


ا بەتلىرىدە

انىڭ 1 ـ بېتىدە: گۈل ۋە تەبەسسۇم ........ ئابلىكىم ئەمەت فوتوسى
نىڭ 2 ـ بېتىدە: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە 7 ـ قېتىملىق مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ـ
قىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدىن خاتىرىلەر ........
ڭ 3 ـ بېتىدە: مەن ئۇچراشقان كىشىلەر ـــ دۇنيا چىش دوختۇرلىرى ساهەسىدىكى ئاكادېمىك ـــ پروفېسسور دىلنۇر هاجى ......
........ قۇربان مۇهەممەت فوتوسى
تە: قەشقەردىكى مىللىي، ئەنئەنىۋى ئالاهىدىلىك مۇجەسسەملەنگەن ئۆزگىچە يېمەك ـ ئىچمەك سارىيى ـــ «قەسىر»

«جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى سۆيۈمچىسى
قوشۇۋېلىڭ!

ژۇرنىلىمىزنىڭ هەرقايسى يىللاردىكى سەرخىل ماقالە ـ ئەسەرلىرىدىن هوزۇرلىنىشنى، نۆۋەتتىكى يېڭى سانلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن ۋە ژۇرنىلىمىزغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ئۇچۇر هەم پائالىيەتلەردىن خەۋەردار بولۇشنى كۆڭلىڭىزگە پۈككىنىڭىز ـــ يانفونىڭىزغا ژۇرنىلىمىزنىڭ ئوقۇغۇچىلار سۆيۈمچىسىنى قوشۇۋېلىڭ!

قوشۇش ئۇسۇلى مۇنداق:
ئاۋۋال ئۈندىدارىڭىزنى قوزغىتىپ، «بايقاش ـــ 发现» دېگەن خەتنى باسىمىز. ئاندىن «دوستلار چەمبىرىكى ـــ 朋友圈»نىڭ ئاستىدىكى «سىيپاپ ئوقۇتۇش ـــ 扫一扫» دېگەن خەتنى بېسىپ، يانفونىڭىزنى يۇقىرىدىكى رەسىم بەلگىسىنىڭ ئۈستىگە ئۇدۇللاپ سىيپاپ ئوقۇتسىڭىز، «关注» (نەزىرىڭىزنى ئاغدۇرۇڭ) دېگەن خەت چىقىدۇ. شۇ خەتنى باسسىڭىزلا قوشۇۋالالايسىز.


ژۇرنىلىمىزغا جايلاردىكى هەر دەرىجىلىك
پوچتىخانىلاردىن مۇشتەرى بولۇڭ
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 117 ـــ 58 (新)

تەھرىراتىمىزنىڭ مۇشتەرى قوبۇل قىلىش تېلېفونى:
(0991) 8530016



توردىن ماقالە ـ ئەسەر ئەۋەتىڭ:
millatlar1988@sohu.com
سۈرەت ئەۋەتىڭ:
QQ:1945992326



بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك كوررېكتورى:
ۋەلى زەيدۇن

ئاق ئايلارنىڭ 25 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ باسمىچىلىق چەكلىك
مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەهرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى
918 ـ نومۇر شىنگۇڭ گۈللۈكى بىناسىنىڭ
2 ـ قەۋىتىدە، پوچتا نومۇرى: 830049
单位地址:乌鲁木齐市新华南路918号
新工花园高层 2楼 (830049)

يەككە باهاسى : 8 يۈەن

www.uyghurkitap.com









## شىنجاڭنىڭ قاغىلىق ناھىيە چارباغ بازىرىدا تۇنجى نۆۋەتلىك «شاپتۇل چېچىكى بايرىمى» ئۆتكۈزۈلدى

شىنجاڭنىڭ قاغىلىق ناھىيە چارباغ بازىرىنىڭ باغۋەنچىلىك مەيدانىدا 2015 - يىلى 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تۇنجى نۆۋەتلىك «شاپتۇل چېچىكى بايرىمى» ئۆتكۈزۈلدى. بايرام مەزگىلىدە بۇ بازارغا قاراشلىق 14 كەنت ۋە بىر باغۋەنچىلىك مەيدانىدىن كەلگەن 500 نەچچە نەپەر دېھقان - چارۋىچى ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنلىدى ھەم مودېل بولۇپ، يېڭىچە مىللىي، زامانىۋى كىيىملىرىنى ئاممىغا كۆرسەتتى. چارباغ بازىرى تەۋەلىكىدە نەچچە مىڭ مولۇق باغ بار بولۇپ، باغلاردىن ئەلا سورتلۇق شاپتۇل، ئالما، نەشپۈت قاتارلىق مېۋىلەر چىقىدۇ.

جىن ۋېي فوتوسى

خەنزۇچە «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىدىن

مۇھەممەدسالىھ مەتروزى تەرجىمە قىلغان






4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى 2015 ـ يىللىق تۇنجى ئۇۋدىلاك گۇاكشى، خۇنەن، سىچۇەن ئۈچ ئۆلكە (ئاپتونوم رايون)دىكى تۆت ناھىيەنىڭ «يېڭى ھالەت، يېڭى مودا» باج تەشۋىقاتى بويىچە ئايلىق پائالىيىتى» گۇاكشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ سەنجياڭ دۇڭزۇ ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى دۇڭزۇ «قوش ئۆۋسى تىياتىرخانىسى»دا باشلاندى. گۇاكشىنىڭ سەنجياڭ ۋە لوكشېڭ، خۇنەننىڭ تۇڭداۋ، گۈيجۇنىڭ لىپىڭ قاتارلىق تۆت ناھىيەسىدىن كەلگەن نەچچە مىڭ كادىر ۋە ئامما بىر يەرگە كۆڭۈللۈك جەم بولۇپ، تۈرگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان «دۇڭزۇ نەغمىسى»، «مۇزىكىلىق ئېيتىشىش»، «باموڭ بادىرىسىدىن ئاتلاش»، «دۇڭزۇ باربىت ئۇسسۇلى» قاتارلىق كۆپ خىل كۆڭۈللۈك پائالىيەت نومۇرلىرى ئارقىلىق باج قانۇنى قاتارلىق بىلىملەرنى تەشۋىق قىلدى.



گۇاڭ پۇكاڭ فوتوسى

خەنزۇچە «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىدىن مۇھەممەدسالىھ مەترۇزى تەرجىمە قىلغان



侗乡人民生活

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە 7 ـ قېتىملىق مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى

## لو لىمىڭ دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا ۋاكالىتەن يىغىننى تەبرىكلىدى

ئۆز مۇخبىرىمىز مۇھەممەدسالىھ مەتروزى خەۋەرى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە 7 ـ قېتىملىق مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى 8 ـ ماي ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى، بىڭتۇەن پارتكومىنىڭ 1 ـ شۇجىسى، 1 ـ سىياسىي كومىسسارى جاڭ چۈنشيەن يىغىنغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لو لىمىڭ دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا ۋاكالىتەن يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جاڭ چۈنشيەن يىغىندا تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: يېڭى ۋەزىيەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر مەسىلىسىنى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىك بويىچە ھەل قىلىشتەك توغرا يولدا چوقۇم تەۋرەنمەي مېڭىش كېرەك؛ «ئۈچ مۇناسىۋەت»نى ياخشى ھەل قىلىپ، «ئۈچ مەسىلە»نى پۇختا ئىگىلەپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقە قىلىشى، پىكىر ئالماشتۇرۇشى ۋە ئارىلىشىشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، ھالقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، مىللەتلەر ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈش كېرەك؛ پارتىيەنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئىسلاھ قىلىپ، ئۆزگىرىش ياساپ، مەسئۇلىيەتنى دادىللىق بىلەن زىممىگە ئېلىپ، ئۇنۇمگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىتتىپاقلىق روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىتتىپاقلىق ئۇلىنى مۇستەھكەملەپ، ئىتتىپاقلىق كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، بۈيۈك ئىتتىپاقلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق بولغان، گۈللەنگەن، باياشات، مەدەنىي، تەرەققىي قىلغان، كىشىلەر خاتىرجەم ياشايدىغان سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىش كېرەك.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: مەركەزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە مەركەزنىڭ 2 ـ قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىدىكى ئۈلگىلىك ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەش؛ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى مىللەتلەر خىزمىتىدە قولغا كەلگەن نەتىجە ۋە تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى، ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى تەھلىل، تەتقىق قىلىش، ئىدىيەۋى تونۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، نىشان، ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىشەنچ ۋە ئىرادىنى چىڭىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىدا تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىن ئىبارەت.

يىغىندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرىدىكى 144 ئۈلگىلىك ئورۇن ۋە 282 ئۈلگىلىك شەخس تەقدىرلەندى. جاڭ چۈنشيەن قاتارلىق رەھبەرلەر ئۈلگىلىك ئورۇنلار ۋە شەخسلەر ۋەكىللىرىگە تەقدىرنامە تارقىتىپ بەردى ھەم كۆپچىلىك بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن نەيىم ياسىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، چې جۈن، خەن يۇڭ، لى ۋېي، شاۋكەت ئىمىن، جۇ خەيلۇن، بەي جىجيې، ئەركىنجان تۇراخۇن، شۇ خەيرۇڭ، غانىبات سابۇكەي، لى شۆجۈن، ئەركىن تۇنىياز، ما شۆجۈن، ليۇ شىنچىلار يىغىنغا قاتناشتى.



# شى جۇڭشۈننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بولغان مۇھەببىتى (1)

2015 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، ئۇلۇغ كوممۇنىزم جەڭچىسى، كۆزگە كۆرۈنگەن پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇنەۋۋەر سىياسىي خىزمەت رەھبىرى شى جۇڭشۈن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 102 يىللىقى. يولداش شى جۇڭشۈننىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىك سەپ، مىللەت - دىن خىزمىتىگە قوشقان زور تۆھپىسىنى چوڭقۇر ئەسلەش ئۈچۈن، «شى جۇڭشۈننىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق كىتابنىڭ قىسمەن مەزمۇنلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇق.

— مۇھەررىردىن

## «مىللەتلەر مەسىلىسى غەربىي شىمال رايونىدىكى ئەڭ چوڭ ئەمەلىي مەسىلە»

غەربىي شىمال رايونىدا بەش ئۆلكە، بىر شەھەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى تۆت ئۆلكە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ياكى كۆپ مىللەتلىك رايون. بۇ رايونلاردا ئۇيغۇر، خۇيزۇ، زاڭزۇ، قازاق، موڭغۇل، تاجىك، شىبە، دۇڭشياڭ قاتارلىق ئون نەچچە ئاز سانلىق مىللەت ياشايدۇ، ئاھالىسى تەخمىنەن 7 مىليونغا يېتىدۇ. ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئوخشىمايدۇ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىمۇ پەرق بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رايونلاردا گومىنداڭ ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقتىن، شۇنداقلا جاھانگىرلارنىڭ قۇترىتقۇلۇق قىلىشى نەتىجىسىدە، خەنزۇلار بىلەن ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ۋە ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئارازلىق مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. شى جۇڭشۈن غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق بىلگەچكە، مۇنداق دېدى: «ھازىر بىز ئىلگىرىكى كىچىك بىر رايوننىلا ئەمەس، بەلكى غەربىي شىمالدىكى كەڭرى كەتكەن بەش ئۆلكىگە يۈزلىنىۋاتىمىز. سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىشلار ئىلگىرىكىدىن خېلىلا مۇرەككەپ بولىدۇ. دەل مۇشۇ خىل ئەھۋال بىرلىك سەپ خىزمىتى، بولۇپمۇ مىللىي بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ غەربىي شىمالنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ.»

شى جۇڭشۈن ئۆزىنىڭ مول خىزمەت تەجرىبىسىگە ئاساسەن، بىرلىك سەپ خىزمىتىنى بەجانىدىللىق بىلەن ئىشلىگەن. ئۇ دىن ساھەسىدىكى رەھبەرلەر ۋە يۇقىرى قاتلامدىكى زاتلار بىلەن دوست بولۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، پارتىيەنىڭ مىللەت - دىن سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇردى، بۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلەن غەربىي شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى تۇراقلاشتى، ئىقتىسادى ئەسلىگە كەلدى ھەمدە تەرەققىي قىلدى.

غەربىي شىمال رايونىدىكى بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مىللەتلەر مەسىلىسى ئىدى، بۇ يەنە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بىيۇروسى رەھبەرلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئورتاق تونۇشى ئىدى. ئازاد بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بىيۇروسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئاساسىي فاڭجېن، سىياسەتلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى. 1950 - يىلى 7 - ئايدا شى جۇڭشۈن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بىيۇروسىنىڭ 2 - قېتىملىق كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا سۆز قىلغاندا ۋە ج ك پ 7 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزگەندە، بۇ مەسىلىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «مەن مىللەتلەر مەسىلىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئالماقچىمەن، بۇ، غەربىي شىمال رايونى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەڭ چوڭ ئەمەلىي مەسىلە، شۇنداقلا بۇ يەردە بىزنىڭ كۆپرەك ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ۋەزىپىمىز؛ غەربىي شىمال رايونى كۆپ مىللەتلىك رايون بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز چوقۇم مىللەتلەر مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. ناۋادا مىللەتلەر مەسىلىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويساق، غەربىي شىمال رايونىنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلىپ قالىمىز. شۇڭلاشقا، بۇ مەسىلىدىكى ھەرقانداق بىر تەپسىلاتنى تېخنىكىلىق مەسىلە دەپ قارىماي، بەلكى سىياسىي مەسىلە دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا جىددىي مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.»

ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مىللەتلەر خىزمىتىدە چوقۇم ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كۆپلىگەن ۋەكىللىرىنى ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇش ھەمدە سانى بىر قەدەر ئاز بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مەقسەتلىك ئېتىبار قىلىش كېرەك؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى كۆپلەپ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشتە، ھەرقايسى ئۆلكىلەر پىلانلىق ھالدا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار مەكتەپلىرىنى قۇرۇپ چىقىشى كېرەك؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھەقىقىي ھۆرمەت قىلىش كېرەك؛ بارلىق خىزمەتلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئېتىبار بېرىش كېرەك؛ «سىنىپىي زىددىيەتنى ھەددىدىن زىيادە، نامۇۋاپىق تەكىتلىمەسلىك كېرەك، بولمىسا، بۇ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ.» ئۇ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن مۇنداق دېدى: «پۈتۈن دۇنيادا 300 مىليون ئادەم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بىز خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىسەك، بۇنىڭ شەرقتە ئاسىياغا بولغان تەسىرى چوڭ بولىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مىللەتلەر خىزمىتىدە ئالدىراپ كەتمەسلىك كېرەك. ئېھتىياتچانلىق بىلەن پۇختا ئىلگىرىلەش فاڭجېنى بىردىنبىر ئاساسلىق فاڭجېندۇر.»

شى جۇڭشۈن ۋە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەربىي شىمال بىيۇروسى غەربىي شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىدەك ئەمەلىي ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بەردى. بولۇپمۇ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئەركىن سودىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، گەنسۇ، نىڭشىيا، چىڭخەي، شىنجاڭدىن ئىبارەت تۆت ئۆلكىدە ئارقا - ئارقىدىن 210 مەخسۇس سودا ئاپپاراتىنى قۇرۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۇرلۇك شەكىلدىكى تەخمىنەن 650 سەييارە سودا گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا سودا پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. بۇ سودا ئاپپاراتلىرى ۋە گۇرۇپپىلار يەرلىك ئاممىنىڭ قولىدىن تېرە - يۇڭ، دورا ماتېرىياللىرى قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى يۇقىرىراق باھادا سېتىۋېلىپ، ئۇلارغا چاي، گەزمال قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تۆۋەنرەك باھادا سېتىپ بېرىش بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش نىسبىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى.

شى جۇڭشۈن ۋە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بىيۇروسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئاز سانلىق مىللەتلەرگە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ 1 - قېتىم-

لىق يېغىنى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىنى شىئەندىن لەنجوغا كۆچۈرۈپ كەلدى ھەمدە غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆردى. شى جۇڭشۈن ھەر قېتىم ئىنستىتۇت ئوقۇش باشلىغاندا ۋە كورسانتلار ئوقۇش پۈتكۈزگەندە ئۆزى ئالايىتەن بېرىپ سۆز قىلدى. بىر قېتىملىق ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدىكى سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى كۆپلەپ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۈزۈل - كېسىل ئازاد قىلىش ھەمدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق راۋاجلىنىشى ۋە ئىلگىرىلىشى ئۈچۈندۇر. ئەڭ ئاساسىي شارائىتنى يارىتىش ھەرقايسى جايلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ زۆرۈر ۋەزىپىسى، شۇنداقلا غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك كۆرەش نىشانىدۇر. ئۇ: «مىللەتلەر خىزمىتىدە ھەرقانداق بىر ئىش بۇ ئىشتىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرمايدۇ» دەپ تەكىتلىدى.

## ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا چىن قەلبىدىن كۆڭۈل بۆلۈش

«مىللەتلەر مەسىلىسى غەربىي شىمال رايونىدىكى ئەڭ زور ئەمەلىي مەسىلە.» بۇ، شى جۇڭشۈننىڭ غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالى ئۈستىدىكى ئاساسىي تونۇشى، شۇنداقلا غەربىي شىمالنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىش ۋە رەھبەرلىك قىلىشتا ئالدىن ئويلايدىغان مەسىلە ئىدى. بۇنىڭغا چىڭخەي، گەنسۇ، نىڭشيا ۋە شىنجاڭدىن ئىبارەت تۆت ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندا مىللەتلەر مەسىلىسى مۇرەككەپ بولغانلىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى بۇ جايلاردا زاڭزۇلارنىڭ سانى كۆپ بولغانلىقى، كۆپ قىسىم جايلارنىڭ شىزاڭ بىلەن تۇتىشىدىغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. چۈنكى، بۇ رايونلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئالاقىسى قويۇق بولغاچقا، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتەتتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەربىي شىمال بيۇروسى ۋە غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ نورغۇنلىغان سىياسەتلىرىنى تۈزۈشى، ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىشى غەربىي شىمالدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، شىزاڭنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، شىزاڭنىڭ تىنچ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شى جۇڭشۈن پېڭ دېخۇەي بىلەن بىرلىكتە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بيۇروسى ۋە غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي كومىتېتىغا رەھبەرلىك قىلىپ، مىللەتلەر مەسىلىسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، غەربىي شىمالنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش، شىزاڭنىڭ تىنچ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

شى جۇڭشۈن شىئەندە 10 - بەنچەننى كۈتۈۋېلىش ۋە ئۇزىتىش ئىشلىرىنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردى. (1951 - يىلى) 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي كومىتېتى 10 - بەنچەننى كۈتۈۋېلىش زىياپىتى ئۆتكۈزدى، شى جۇڭشۈن كۈتۈۋېلىش زىياپىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە كۈتۈۋېلىش سۆزى قىلدى. ئۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مۇنداق دېدى: «شىزاڭ جۇڭگونىڭ شىزاڭى، شىزاڭ خەلقىنىڭ شىزاڭى، بىز شىزاڭنى جاھانگىر قاراقچىلارنىڭ ئىگەللىۋېلىشىغا ۋە ۋەيران قىلىشىغا يول قويمايمىز. ماۋ زېدۇڭ ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى بۇرۇنلا شىزاڭنى ئازاد قىلىش قارارىغا كەلگەن، شىزاڭدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىگە، شىزاڭ خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىمىز. شىزاڭ خەلقىنىمۇ مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلققە ئوخشاش بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگۈزىمىز. ھازىر شىزاڭ ئازاد بولۇشقا ئازلا قالدى، سىلەر شىزاڭغا قايتىپ شىزاڭ خەلقى بىلەن خۇشال - خۇرام جەم بولىسىلەر. بۇ، شىزاڭ خەلقى ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىز خەلقى خۇش بولىدىغان ئىش. سىلەرنىڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە شىزاڭدىكى ھەر ساھە زاتلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، شىزاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىقى ۋە تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىڭلارنى تەبرىكلەيمەن.»

(داۋامى بار)

«جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىدىن ئەركىن ئابلەت تەرجىمىسى
تەرجىمانى «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






# ئادەمنى ئاساس قىلىش — مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇشنىڭ تۈپ ئىدىيەسى

سۈي چىڭ

ئادەمنى ئاساس قىلىش ئىدىيەسى ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش — ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق، ئىناقلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئىچكى تەلىپى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجى. مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇشتا مەيلى سىياسەت ۋە قانۇن تۈزۈش قاتلاملىرىدا بولسۇن ياكى سىياسەت، قانۇن ئىجرا قىلىش، جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش قاتلاملىرىدا بولسۇن، ئادەمنى ئاساس قىلىش ئىدىيەسىنى باشتىن - ئاخىر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىندىۋىدۇئاللىقتا ھەممە كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش، قانۇن - تۈزۈمنى قوغداش ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك.

ئادەمنى ئاساس قىلىش — ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ يادروسى، شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئومۇمىي مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ ئىپادىسى. «ئادەمنى ئاساس قىلىش» تەلىپى — پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى تەلەپ. پارتىيەنىڭ 18 - قۇرۇلتىيىدا مۇنۇلار ئېنىق كۆرسىتىلدى: ئادەمنى ئاساس قىلىشنى جەزمەن تېخىمۇ ئالغىلىق ھالدا ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ يادرولۇق مەيدانى قىلىپ، ئەڭ كۆپ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ياخشى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ياخشى قوغداش ۋە ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى باشتىن - ئاخىر پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى قىلىش كېرەك. ئادەمنى ئاساس قىلىش ئىدىيەسى ئارقىلىق مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇش — مىللەتلەر خىزمىتى ساھەسىدە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى بولۇپلا قالماستىن، مىللەتلەر مەسىلىسى ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىشنىڭمۇ ئىچكى تەلىپى.

مىللەتلەر مۇناسىۋىتى — كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، پارتىيە ۋە دۆلەت مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مەسىلىسىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئەينى چاغدىكى ئەمەلىيەتكە ئاساسەن، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش، مىللەتلەرنى كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى

كۆچەيتىشكە دائىر بىر قاتار سىياسەت، قانۇن - نىزام ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىش بىلەن بىللە، يەنە مەركەز مىللەتلەر زىيارەت ئۆمىكى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە مىللەت ئايرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى؛ «ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىش ياكى ھاقارەتلەش تۈسىنى ئالغان ئاتاش، يەر - جاي ناملىرى، ئابىدە، پىلاكاتلارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق»نى ئېلان قىلدى؛ مەملىكەت مىقياسىدا مىللەتلەر سىياسىتى بويىچە چوڭ تەكشۈرۈشنى تەشكىللەپ، مىللەتلەرنى كەمسىتىش، مىللەتلەر ئارىسىغا ئارازلىق سېلىشنى تۈگىتىپ، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇردى. بۇ پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ۋە سىياسەت تۈزۈش كۈچلۈك رېئاللىققا ۋە قاراتمىلىققا ئىگە بولۇپ، مىللەتلەر سىياسىتىگە ئاساس سېلىپلا قالماستىن، يەنە باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق، ئىناقلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگىمۇ ئاساس سالدى.

20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ۋە دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ، دۆلىتىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە دائىر كۆپلىگەن سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىمۇ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش بولدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيەنىڭ چوڭ - چوڭ فاڭجېنلىرى ۋە بىر قاتار مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

بىراق، ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلدى، بۇ مەسىلىلەر دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى ياكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان يوشۇرۇن ئامىلغا ئايلىنىپ قالدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەر ئاساسلىقى مۇنۇلار: دۆلىتىمىز ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش بولۇۋاتقان مەزگىلدە، قىسمەن ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر مۇقەررەر كېلىپ چىقىدۇ؛ چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر ۋە بۆلگۈنچى كۈچلەر بۇزغۇنچىلىق ياكى سىڭدۈرمىچىلىك قىلمىشلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرماقتا ۋە باشقىلار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر مۇھىم سەۋەب شۇكى، دۆلىتىمىزنىڭ بىر قىسىم سىياسەت، تەدبىرلىرى توغرىسىدىكى قاراشلار دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، ئادەمنى ئاساس قىلىشنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش تەلىپى بويىچە بولۇپ كېتەلمىدى.

جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش بولدى، بىراق بىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرىدىغان سىياسەت، قانۇن - نىزام ياكى تەدبىرلىرىمىز ھەققىدىكى قارىشىمىز رېئال ئۆزگىرىشكە ماسلىشىپ كېتەلمىدى، ئۇنىڭدا خۇسۇسىي مەنپەئەت، زامانىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز تەرەققىياتىغا قويغان تېخىمۇ يۇقىرى تەلىپى، مىللەتلەر مەدەنىيىتى بىلەن دىنىي ئېتىقادنىڭ كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى ۋە ھەرىكىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە سەل قارايدىغان ئەھۋاللار ساقلىنىپ، سىياسەتلىرىمىز ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمىدى. بىز ئادەمنى ئاساس قىلىدىغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيەسىنى قايتا - قايتا تەكىتلىگەن بولساقمۇ، ئەمما ئادەمنى ئاساس قىلىش ئىدىيەسى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشمىدى. ھازىرقى ۋەزىيەتتە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قانداق قىلىپ ماسلاشتۇرغىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلىدە مەن شۇنداق قارايمەنكى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكەندىن سىرت، تېخىمۇ مۇھىمى ئادەمنى ئاساس قىلىش ئىدىيەسى ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە توغرا ئىجرا قىلىش كېرەك.

دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئادەمنى ئاساس قىلىش ئارقىلىق ماسلاشتۇرۇش —— جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق، ئىناقلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىشنىڭ ئىچكى ئېھتىياجى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجى. مىللەتلەر مۇناسىۋ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تىنى ماسلاشتۇرۇشتا سىياسەت ۋە قانۇن تۈزۈش قاتلاملىرىدا بولسۇن ياكى سىياسەت، قانۇن ئىجرا قىلىش ۋە ئىجتىمائىي باشقۇرۇش قاتلاملىرىدا بولسۇن، ئادەمنى ئاساس قىلىش قارىشىنى باشتىن ـ ئاخىر ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىندىۋىدۇئاللىقتا، كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش، قانۇننى قوغداش، كىشىلىك ھوقۇقنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك.

**بىرىنچىدىن، ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك.** بۇ، «ئاساسىي قانۇن»دىكى ئېنىق بەلگىلىمە بولۇپلا قالماستىن، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى مۇقەررەر تەلەپ، شۇنداقلا ھازىرقى زامان مەدەنىيلىكىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى. ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، قانۇن سىستېمىسى كۈنسايىن مۇكەممەللىشىپ، مەمۇرىي ھوقۇق پەيدىنپەي قانۇنىي ئاساسقا ئىگە بولدى؛ ئەدلىيە تۈزۈمى تېخىمۇ باراۋەر، ئادىل، ئاشكارا بولدى؛ قانۇنچىلىق تەشۋىقات ـ تەربىيەسى تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. بىراق، ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش قارىشى ياكى ئىجتىمائىي باشقۇرۇش شەكلىدە بولسۇن، قانۇن تېخى كىشىلەر قەلبىگە ھەقىقىي چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگىنى يوق؛ قانۇن تېخى شەخس، كوللېكتىپ، تەشكىل ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەرىكەت مىزانىغا ھەقىقىي ئايلانغىنى يوق. مۇشۇ سەۋەبتىن، نۇرغۇن مەسىلە بىرتۇتاش قائىدە ۋە پرىنسىپ بويىچە ھەل قىلىنمايۋاتىدۇ، ئوخشاش ئىش ئوخشاش بولمىغان رايون، ئوخشاش بولمىغان تارماق ياكى ئوخشاش بولمىغان شەخسكە توغرا كەلگەندە، ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىنىدىغان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىۋاتىدۇ. ئالايلۇق، بولۇپمۇ مىللەتلەر ئاممىغا چېتىلىدىغان توپ ئادەم ۋەقەلىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، «تىنچ ـ ئامانلىقنى پۇلغا سېتىۋېلىش» ئەھۋالى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. مۇنداق قىلىش ئارقىلىق مەسىلىنى تېز بىر تەرەپ قىلغان بىلەن، بىراق بۇنداق ئۇسۇل قانۇننىڭ نوپۇزى ۋە كەسكىنلىكىنى بۇزۇپ، پۇقرالارنىڭ گىرازدانلىق ئېڭىنى ۋە قانۇن ئېڭىنى تۆۋەنلەتتى، بۇ ھال زەنجىرسىمان تەسىر پەيدا قىلىپ، كۆپلەپ يۈز بېرىش خەۋپىنى يوشۇرۇپ قويۇشى، شۇنىڭدەك باشقۇرۇشقا بويسۇنمايدىغان، «پايدا قوغلىشىدىغان» ئاڭ ۋە ھەرىكەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇلار ئوبيېكتىپ جەھەتتە، مىللەتنىڭ ئوبرازىغا داغ تەگكۈزۈپ، مىللەتنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىياتى ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە خەۋپ يوشۇرۇپ قويىدۇ.

قانۇن تۇرۇپ ئاساسلانمايدىغان، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلمايدىغان، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى سۈرۈشتۈرمەيدىغان رېئاللىق قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى چۈشۈرۈپلا قالماستىن، بىز دۇچ كەلگەن ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى بارغانسېرى گەۋدىلەندۈرۈۋېتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا ۋە دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە بىۋاستە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا، ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى جەزمەن قانۇن بويىچە قاتتىق كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك.

**ئىككىنچىدىن، مەھەللە، كەنت ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.** ھەربىر كىشى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىدا ياشايدۇ، شەھەردە مەھەللىلەر، يېزىدا كەنتلەر ئاساسىي قاتلام تەشكىلى ھېسابلىنىدۇ. مەھەللە ۋە كەنت ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋە ئۆز ئارا كۆزقاراش ئالماشتۇرۇشتىكى مۇھىم سۇپىسى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي باشقۇرۇشنىڭ مەركىزىدۇر. ئاساسىي قاتلام ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىنى ياخشى باشقۇرغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرگىلى بولۇپلا قالماستىن، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىغا تەۋەلىك تۇيغۇسىنى ھېس قىلدۇرغىلى، مەھەللە ۋە كەنت بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاپ، زىددىيەت ۋە ماجىرالارنى ئاساسىي قاتلامدا ھەل قىلغىلى، زىددىيەت ۋە ماجىرالارنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلغىلى بولىدۇ.

مەھەللە خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش غەرب ئەللىرىنىڭمۇ ئىجتىمائىي باشقۇرۇش ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇشتىكى تىپىك تەجرىبىسىدۇر. بەزى ئۇششاق زىددىيەت ۋە نارازىلىق كەيپىياتىنى ئاساسىي قاتلامدا ئاقىلانە، مۇۋاپىق ۋە قانۇنلۇق ھەل قىلغاندا، چوڭ مەسىلە ۋە ماجىرا كېلىپ چىقمايدۇ.

**ئۈچىنچىدىن، بەزى ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تەتبىقلاش ئوبيېكتىنى تەڭشەش كېرەك.** تارىخىي، جۇغراپىيەلىك ۋە باشقا ئامىللار تۈپەيلىدىن، دۆلىتى-

مىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيەسى خېلىلا ئارقىدا بولۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى توغرىسىدا بىر يۈرۈش ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقتى، بۇ سىياسەتلەر ئەمەلىيەت داۋامىدا غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇردى. بىراق، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي مۇھىتتا ھەمدە بىر قىسىم سىياسەتلەرنىڭ ماسلىشىشچانلىقىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ئەسلىدىكى ئۈنۈمىنى يوقىتىپ قويدى. دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ جەھەتتە تارقاقلىشىپ، كىچىك جەھەتتە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشتەك جايلىشىش ئەندىزىسى بىزدىن مىللەتلەر سىياسىتىنى تۈزۈشتە رايون ئامىلىنى نۇقتىلىق ئويلىشىش كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلدى. نوقۇل مىللەت ئامىلىنى ئازايتىپ، مۇئەييەن رايون دائىرىسىدە ھەرقايسى مىللەتلەرنى سىياسەت ئېتىباردىن نىسپىي باراۋەر بەھرىمەن قىلغاندىلا، ئاندىن مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىشتىن كېلىپ چىقىدىغان تەڭسىزلىك روھىي ھالىتى ۋە كەمسىتىلىش تۇيغۇسىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

بىر تۈرلۈك سىياسەتنىڭ تەتبىقلىنىش مۇھىتىدا ئۆزگىرىش بولسا ياكى سىياسەتنى يولغا قويۇش داۋامىدا مەسىلە كۆرۈلسە، شۇ سىياسەتنى ۋاقتىدا تەڭشەش ئارقىلىق، سىياسەتنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمگە كاپالەتلىك قىلىپ، سىياسەتنى تەتبىقلىماسلىقتىن كېلىپ چىققان ئەكس تەسىرنىڭ رولىنى چەكلەش كېرەك. مىللەتلەر مەسىلىسىنىڭ مۇرەككەپلىكى، ئۇزاق مۇددەتلىكى ۋە ئالاھىدىلىكىدىن ئالغاندا، ھەرقانداق بىر مىللەتلەر سىياسىتىنى يولغا قويۇش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە چېتىلىدۇ. شۇڭا، مىللەتلەر سىياسىتىنى يولغا قويۇشتا ئىلمىي باھالاشقا ۋە ۋاقتىدا تەڭشەشكە توغرا كېلىدۇ.

**تۆتىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقنى ساقلاش ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىش كېرەك.**

مۇقىملىقنى ساقلاش ئەندىزىسىنى ئەنئەنىۋى ھالەتتىكى توسۇشنى ئاساس قىلىشتىن يېتەكلەشنى ئاساس قىلىشقا ئۆزگەرتىپ، ئاممىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ۋە تەلىپىنى ئىپادىلەش مېخانىزمىنى راۋاجلاندۇرۇش؛ ھۆكۈمەتنىڭ ئىرادىسى بويىچە مەجبۇرىي يولغا قويۇش خىزمەت ئۇسۇلى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، ئاقىلانە، مۇۋاپىق ۋە قانۇنلۇق بولۇشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، باشقۇرۇشتىن ئاممىنى ھەقىقىي قايىل بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى ھەقىقىي ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئاممىغا ئاساسىي ئېقىم قىممەت قارىشىنى تونۇتۇش ۋە ئېتىراپ قىلدۇرۇش — ئىجتىمائىي باشقۇرۇشنىڭ يەنە بىر مۇھىم شەكلىدۇر، بۇنىڭ ئۈچۈن تۈرلۈك شەكىلدىكى تەشۋىقات ـ تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىز يولغا قويۇۋاتقان بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەشۋىقات ـ تەربىيە، قانۇنچىلىق توغرىسىدا تەشۋىقات ـ تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئىجتىمائىي قىممەت قارىشىدا كەسكىن ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان شارائىتتا، يەنىمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىنسانىي روھ توغرىسىدىكى تەربىيەنى كۈچەيتىپ، پۇقرالارنى كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، قانۇنچىلىق ۋە كىشىلىك ھوقۇق قارىشىنى تىكلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. ئۆزى ئۆزىنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگىنىپلا قالماستىن، ئۆزگىنى ھۆرمەتلەشنىمۇ ئۆگىنىشى لازىم؛ ئۆزىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشنى بىلىپلا قالماستىن، ئۆز مەجبۇرىيىتىنىمۇ بىلىشى كېرەك. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا تەشەببۇس قىلىنغان باي ھەم قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي، ئىناق، ئەركىن، باراۋەر، ئادىل بولۇش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ۋەتەننى سۆيۈش، كەسپىنى ھۆرمەتلەش، سەمىمىي، دوستانە ئۆتۈشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى پۈتكۈل جەمئىيەتتە تۇرغۇزۇش ۋە تەشۋىق قىلىش كېرەك.

مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت بولۇپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇشتىكى ئىدىيە ۋە سىياسەت، تەدبىرلەرمۇ ئادەمنى ئاساس قىلىش قارىشى بويىچە، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىلىشى ۋە تەڭشىلىشى كېرەك.

«جۇڭگو مىللەتلىرى گېزىتى»دىن ئىلھامجان ئابلىز تەرجىمە قىلغان
تەرجىمانى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى
بەنگۇڭتىڭى تەرجىمە باشقارمىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





# دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر گۈللىنىشىنىڭ تۈزۈم جەھەتتىكى كاپالىتى

10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەدنى زىيارەت

2014 ـ يىلى 31 ـ ماي «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى تۈزۈش ۋە تۈزىتىش ئارقا كۆرۈنۈشى، قانۇن چىقىرىش مەقسىتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بۇ قانۇن ئۈستىدىن نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدا مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

مۇخبىر: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى قانۇن ـ تۈزۈمگە ئىگە قىلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە غايەت زور رول ئوينىدى. ئەينى ۋاقىتتا نېمە ئۈچۈن بۇ قانۇننىڭ تۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز.

ئىسمائىل ئەھمەد: دۆلىتىمىز دەك بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر تۈزۈمى سۈپىتىدە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىلا «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پىروگراممىسى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»غا كىرگۈزۈلۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەقىقىي ھىمايىسىگە ئېرىشكەنىدى. ئەمەلىيەت بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزدە مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش، ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلىرىنى مۇستەقىل باشقۇرۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى، ھەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1952 ـ يىلى ئېلان قىلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش پىروگراممىسى» مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇشتا غايەت زور رول ئوينىغانىدى، لېكىن 30 يىللىق ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا بۇ پىروگراممىنىڭ بەزى ماددىلىرى يېڭى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلاشماي قالدى، شۇڭا ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 30 نەچچە يىللىق تەجرىبىلەرنى، جۈملىدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەگە دائىر قانۇن تۈزۈپ، مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىش — مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋە مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ جىددىي ئارزۇسى ھەم تەلىپى بولۇپ قالدى. «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە تۈزۈپ چىقىلدى.

مۇخبىر: «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى تۈزگەندە، بەزى مۇھىم مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا نېمىلەر نەزەرگە ئېلىندى؟

ئىسمائىل ئەھمەد: «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» قانۇنىي ئورنى يۇقىرى نېگىزلىك قانۇن بولۇپ، بۇ قانۇننى تۈزگەندە ھەقىقەتەن بىر قاتار مۇھىم مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ مۇناسىۋەتلەردىن مۇھىم بولغانلىرى مۇنۇلار:



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىرىنچى، ئاپتونومىيە قانۇنى بىلەن ئاساسىي قانۇننىڭ مۇناسىۋىتى. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى قانۇنىي شەكىلدە جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈرەش نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ تۈزۈمى ۋە ۋەزىپىسىنى بېكىتتى. ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ قانۇنى بولۇپ، باشقا قانۇنلارنى تۈزۈشنىڭ ئاساسى، شۇڭا مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى چوقۇم ئاساسىي قانۇننىڭ «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە» توغرىسىدىكى ئاساسىي پرىنسىپلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرى بويىچە تۈزۈلۈش زۆرۈر ئىدى؛ ئىككىنچى، ئاپتونومىيە قانۇنى بىلەن «تۆت ئاساسىي پرىنسىپ»نىڭ مۇناسىۋىتى. «تۆت ئاساسىي پرىنسىپ»تا چىڭ تۇرۇش — مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ ئورتاق سىياسىي ئاساسى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇشتا چوقۇم «تۆت ئاساسىي پرىنسىپ»تا چىڭ تۇرۇش شەرت. بۇ، ئەينى ۋاقىتتا «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» لايىھەسىنى تەييارلاشتىكى تۈپ يېتەكچى ئىدىيە ئىدى؛ ئۈچىنچى، مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلار بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۆلەتنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىش، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ، شۇڭا «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» لايىھەسىنى تەييارلاش جەريانىدا، مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلار بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشقا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىلدى. بىر تەرەپتىن، مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلار جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس قىسمى بولۇپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكى ۋە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي فاڭجېن، سىياسەت، پىلانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلاردا ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىپ، مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى جەھەتتىن ئادەتتىكى جايلاردىن يۇقىرى ھوقۇققا ئىگە قىلىش كېرەك.

**مۇخبىر: «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەردە نېمىلەر نۇقتىلىق ئويلىشىلدى؟**

**ئىسمائىل ئەھمەد:** مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى، ھەم يەرلىكنىڭ ئادەتتىكى دۆلەت ئورگانلىرى، ھەم ئاپتونومىيە ئورگانلىرى، شۇڭا ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاپتونومىيەلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى توغرىسىدا مۇنۇلار كونكرېت بەلگىلەندى: بىرىنچى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيەنىڭ ھاكىملىقىنى تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە يولغا قويغان مىللەت پۇقراسى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقى ياكى مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە يولغا قويغان مىللەت پۇقراسى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئىككىنچى، مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىدا تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە يولغا قويغان مىللەت ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىللىرىنىڭ سانى، نىسبىتىنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇندا بەلگىلەنگەن پرىنسىپ بويىچە بېكىتىدۇ. بۇ بەلگىلىمە بويىچە، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرگە ۋەكىل سانى ۋە نىسبەتنى تەقسىملەشتە بەلگىلىك ئېتىبار بېرىلىدۇ. ئۈچىنچى، مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلاردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەركىبىدىكى خادىملارغا قارىتا، شەرتكە ئاساسەن ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئامال بار ئالدىن سەپلەش كېرەك. بۇ بەلگىلىمىدە، ئاساسلىقى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە تارىخىي شارائىتى نەزەرگە ئېلىنىپ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تېگىشلىك ۋەكىلى بولۇش كاپالەتكە ئىگە قىلىندى، بۇ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ يەرلىك ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن پايدىلىق بولدى.

**مۇخبىر: «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قا-**

نۇنى»دىكى «ئاپتونومىيە ھوقۇقى» توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر ئاساسلىقى قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

ئىسمائىل ئەھمەد: ئاپتونومىيە قانۇنىدا، مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاپتونومىيە نىزامى ۋە باشقا يەككە نىزاملارنى تۈزۈشكە بولىدىغانلىقى بەلگىلىنىپلا قالماي، ئاساسىي قانۇن ۋە باشقا قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلماسلىق پرىنسىپى بويىچە ئالاھىدە سىياسەت ۋە جانلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ھوقۇقىنىڭ بولىدىغانلىقى؛ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قارار، بەلگىلىمە، بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلىرىدىن مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىرى بولسا، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تەستىقى بىلەن بۇلارنى ئۆزگەرتىپ ئىجرا قىلسا ياكى ئىجرا قىلىشنى توختاتسا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. بۇ بەلگىلىمىلەردە، مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارغا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش جەھەتتە ئىنتايىن زور ھوقۇق بېرىلگەن بولۇپ، مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلار دۆلەتنىڭ قانۇن، سىياسەتلىرىنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىجرا قىلسا بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا يەنە مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ئىقتىساد، مالىيە، مائارىپ، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقى بەلگىلەندى. بۇ ھوقۇقلارنى قانۇن شەكلىدە تۇراقلاشتۇرۇش — دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مۇخبىر: «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا نېمە ئۈچۈن يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتى مەخسۇس بەلگىلىنىدۇ؟

ئىسمائىل ئەھمەد: دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى تارىخىي، تەبىئىي شارائىتلار تۈپەيلىدىن ئۇزاق مەزگىل دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىچە تەرەققىيات سەۋىيەسىدىن تۆۋەن بولۇپ كەلدى. ئەمەلىيەت ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۇزاق مەزگىل تەڭپۇڭ بولمىسا، مىللەتلەر ئارىسىدىكى سىياسىي باراۋەرلىك، قانۇنىي باراۋەرلىكنىڭ زور تەسىرگە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. مىللەتلەر ئارىسىدىكى تارىختىن قالغان ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن، «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا مىللىي ئاپتونومىيەتلىك جايلارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇش تەكىتلىنىش بىلەن بىللە، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈش؛ مەخسۇس مەبلەغلەرنى تەسىس قىلىش؛ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى تەقسىملەش؛ سېلىنما، قەرز، باج؛ ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، توشۇش، سېتىش، شۇنداقلا يەرلىكنىڭ سانائەت، قاتناش، ئېنېرگىيە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق تاۋارلار ۋە ئەنئەنىۋى قول ھۇنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش؛ مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە قانداق قىلىدىغانلىقى ھەققىدە مۇناسىپ بەلگىلىمىلەر بەلگىلەندى.

مۇخبىر: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2001 - يىلى «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزگەندە، ئاساسلىقى نېمىلەرنى نەزەردە تۇتتى؟

ئىسمائىل ئەھمەد: «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، دۆلىتىمىزنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق، ئىناقلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئىشلىرىغا تۈرتكە بولۇش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى، لېكىن دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ بەزى ماددىلىرى يېڭى ئەھۋالغا ماس كەلمەي قالدى؛ دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنى يۆلەش ۋە ئۇلارغا ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنىمۇ مۇناسىپ تەڭشەشكە توغرا كەلدى، شۇڭا

www.uyghurkitap.com



مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2001 - يىلى يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»غا مۇۋاپىق تۈزىتىش كىرگۈزدى.

بۇ قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ج ك پ 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى يېتەكچى قىلىندى؛ ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىندى. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ئەھۋالى ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى چىقىش قىلىنىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش؛ مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش؛ مالىيە، پۇل مۇئامىلە ۋە مائارىپ، مەدەنىيەت جەھەتتە زۆرۈر بولغان ئالاھىدە سىياسەتلەرنى يولغا قويۇش؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلار بىلەن باشقا رايونلارنىڭ تەرەققىياتتىكى پەرقنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىش جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىۋاتقان ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈۋاتقان، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان، غەربىي رايونلارنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى ئەمدىلا يولغا قويۇۋاتقان، ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقانلىقى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلۇپ، مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارغا قارىتىلغان ئالاقىدار ئىقتىسادىي سىياسەت، تەدبىرلەر كونكرېت بېكىتىلمىدى، بۇنىڭ بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئوخشىمىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن يولغا قويۇشىغا، يەرلىكنىڭ كونكرېت ئەھۋاللارغا ئاساسەن يولغا قويۇش چارىسى تۈزۈشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى.

مۇخبىر: «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى 2001 - يىلدىكى تۈزىتىش ئاساسلىقى قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

ئىسمائىل ئەھمەد: ئۇ قېتىمقى تۈزىتىش ئاساسلىقى يەتتە جەھەتكە مەركەزلىشىدۇ. كىرىش سۆزدە ئەسلىدىكى «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى — دۆلەتنىڭ مۇھىم بىر سىياسىي تۈزۈمى» دېگەن سۆز «دۆلەتنىڭ بىر ئاساسىي سىياسىي تۈزۈمى» دېگەنگە ئۆزگەرتىلىپ، پارتىيە، دۆلەتنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلدى؛ بۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مالىيەدە يۆتكەپ چىقىم قىلىش، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، بايلىق ئېچىش تۆلىمى، مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، نىشانلىق ياردەمنى كۈچەيتىش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيەلەش قاتارلىق جەھەتلەردە مايىللىق سىياسىتىنى يولغا قويۇشى ۋە يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

مۇخبىر: قانۇننىڭ ھاياتىي كۈچى — يولغا قويۇشتا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە قانداق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى؟

ئىسمائىل ئەھمەد: «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، 10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 2006 - يىلى مەملىكەت بويىچە «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى قارار قىلدى. مەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولدۇم، تەكشۈرۈشكە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن خې لۇلى، شۇ جيالۇ، خەن چىدېلار قاتناشتى. تەكشۈرۈشتە، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىش ئەھۋالى ۋە «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ يانداش نىزامىنى تۈزۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش مۇھىم نوقتا قىلىندى. بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش خىزمىتى مەركەزنىڭ يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى، يولداش خۇ جىنتاۋ ۋە يولداش ۋۇ باڭگولار قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە مەخسۇس يوليورۇق ۋە كۆرسەتمىلەرنى بەردى، يولداش ۋاڭ جاۋگو تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ 1 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ئېنىق تەلەپ قويدى.

بىز تەكشۈرۈش ئارقىلىق، «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» 1984 - يىلى يولغا قويۇلغاندىن

باشلاپ، مەركەزدىن يەرلىككىچە تارماقلارنىڭ بۇ قانۇننى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى بايقىدۇق. بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دېموكراتىيە، سىياسىي ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە بولغان؛ ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلغان؛ ئۈچىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن؛ تۆتىنچى، يانداش نىزام تۈزۈشتە مۇھىم ئىلگىرىلەشلەر بولغان. بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشتىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ئاز بولمىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەنلىكىنى، «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى يولغا قويۇشتىمۇ بەزى مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى بايقىدۇق. ساقلىنىۋاتقان قىيىنچىلىقلار: بىرىنچى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات يەنىلا ئارقىدا قالغان؛ ئىككىنچى، نامراتلارنى يۆلەش ۋەزىپىسى يەنىلا ئېغىر؛ ئۈچىنچى، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى قىيىنچىلىقلار كۆپ؛ تۆتىنچى، داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ئاساسى ئاجىز؛ بەشىنچى، ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ نەپ يەتكۈزۈش دائىرىسى تار؛ ئالتىنچى، مۇقىملىقنى ساقلاش ۋەزىپىسى ئېغىر. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار يەنىلا مەۋجۇت، سىڭىپ كىرىشكە، ئاغدۇرمىچىلىققا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ۋەزىپىلەر يەنىلا ئېغىر.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە قانۇننى يولغا قويۇش جەريانىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بەردۇق، بۇ ئاساسلىقى «يانداش مەبلەغ» توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرمەسلىك، مالىيەنىڭ يۆتكىمە چىقىمىنىڭ سالمىقى ئاجىز بولۇش، قېلىپلاشماسلىق، بايلىق ئېچىش تۆلىمى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە ئەمەلىيلەشمەسلىك، ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىت ئاسراش تۆلىمى نەقلەشمەسلىك، يانداش نىزام چىقىرىش قۇرۇلۇشى قەدىمىنى تېزلىتىش، بەزى تارماقلار سىياسەت تۈزگەندە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تولۇق ئويلاشماسلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىمىز تەكشۈرۈشتە بايقالغان مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، مۇناسىپ ئۆزگەرتىش تەكلىپى بەردى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى قاراپ چىققاندىن كېيىن، ھەرقايسى مىنىستىرلىق - كومىتېتلارنىڭ تۈزىتىشى ئۈچۈن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بەنگۇڭتىڭى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. تۈزىتىش خىزمىتىگە چېتىشلىق 16 مىنىستىرلىق - كومىتېت يېرىم يىلدىن كېيىن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ پىكىر - تەكلىپى ۋە دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ قاراپ چىقىش پىكىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەتلىرىنى مۇناسىپ ئۆزگەرتتى ھەمدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا يازما دوكلات يوللىدى.

2006 - يىلىدىكى «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ــ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بۇ قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تۇنجى قېتىم مەملىكەت دائىرىسىدە تەكشۈرۈشى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، 2007 - يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى گوۋۇيۈەننىڭ 2006 - يىلىدىكى «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ ئىجراسىنى تۈزىتىش ئەھۋالىنى بىر قېتىم ئىز قوغلاپ تەكشۈردى؛ 2012 - يىلىدىن 2014 - يىلىغىچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە مائارىپ، سەھىيە، ئىجتىمائىي كاپالەت ئەھۋالىنى ئۇدا ئۈچ يىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. مۇنداق نازارەتچىلىك خىزمەتلىرى «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

**مۇخبىر: مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشى توغرىسىدىكى پىكرىڭىزنى ئېيتىپ باقسىڭىز.**

ئىسمائىل ئەھمەد: 30 يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلۇشى دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق. ئۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقلىرىنى ئۈنۈملۈك كاپالەتكە ئىگە قىلدى، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى قانۇن - تۈزۈملەشتۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي

www.uyghurkitap.com



تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. ج ك پ 18 ـ قۇرۇلتىيىدا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: «پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ ‹مىللەتلەر ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش، دېگەن ئاساسىي تېمىنى چىڭ ئىگىلەپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ـ تەرەققىيات ئىشلىرى توغرىسىدىكى تەربىيەنى كەڭ قانات يايدۇرۇش؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش؛ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق، ئىناقلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش؛ مىللەتلەرنىڭ ئىناق ئۆتۈشى، بىر ياقىدىن باش چىقىرىشى ۋە ئىناق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك!» باش شۇجى شى جىنپىڭ: «پائال شارائىت ھازىرلاپ، ئامال قىلىپ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئاممىنى ئۆزۈكسىز ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتۈرۈش كېرەك.» دەپ ئېنىق تەلەپ قىلدى. ئىسلاھات چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇۋاتقان، تەرەققىيات تېزلىتىلىۋاتقان، دۆلەت قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش ئاساسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ يېڭى تەلىپى بويىچە «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتى ئالدىمىزغا قويۇلدى.

«مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» 1984 ـ يىلى تۈزۈلۈپ، 2001 ـ يىلى تۈزىتىلدى. بۇ قانۇننىڭ تۈزۈلۈشى ۋە تۈزىتىلىشى دۆلىتىمىزنىڭ پىلانلىق ئىگىلىكتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە كۆچۈش مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ، شۇڭا بەزى بەلگىلىمىلەرنى ھازىرقى يېڭى ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، مۇناسىپ تەڭشەشكە توغرا كەلدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، پارتىيەمىز ۋە دۆلىتىمىز مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە سىياسەت، تەدبىر، چارىلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، بۇ ياخشى ئۇسۇل، تەجرىبىلەرنى قانۇن شەكلىدە تۇراقلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. قانۇن چىقىرىش نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ بەزى ماددىلىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش زۆرۈر.

«مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ قانۇنىي كاپالىتى؛ پارتىيە، جەمئىيەت چوقۇم بىردەك ئەمەل قىلىدىغان نېگىزلىك قانۇن. ئەمەلىيەت بۇ قانۇننىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە تەڭداشسىز رول ئوينىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. يولداش شى جىنپىڭ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشقا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان جۇڭگو ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەۋاتقان ھازىرقى يېڭى ۋەزىيەتتە بۇ قانۇننى مۇكەممەللەشتۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەپ، بۇ قانۇننى ئىزچىل يولغا قويۇش ۋە يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش سالمىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش؛ تىرىشىپ مەركەزنىڭ تەلىپى، ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۈمىدىنى قانۇن شەكلىدە مۇقىملاشتۇرۇپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قانۇن بويىچە تەڭشەش، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ ياخشى قوغداش؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىدىغان ياخشى مۇھىت ھازىرلىشىمىز كېرەك.

«جۇڭگو مىللەتلىرى گېزىتى»دىن پولات ئېزىز تەرجىمىسى
تەرجىمانى «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە

سۈرەتنى قوربان مۇھەممەت تارتقان



# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن 13 غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى «4 ـ تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكى»گە تاللاندى

قىيۇم قادىر فوتوسى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ـ تەتقىقات مەركىزىدىن ئىگىلىنىشىچە، گوۋۇيۈەن يېقىندا مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى بېكىتكەن « 4 ـ تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك تۈرلىرى تىزىملىكى» ۋە «دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك تۈرلىرىنى كېڭەيتىش تىزىملىكى»نى ئەستىقلاپ ئېلان قىلغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن «ئومای رىۋايىتى»، «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»، موڭغۇللارنىڭ «توبشۇر نەغمىسى»، شۇنىڭدەك كارىز تېخنىكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 13 غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى « 4 ـ تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك تۈرلىرى تىزىملىكى»گە تاللانغان؛ «ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى»، «سەنەم» (خوتەن سەنىمى) ۋە «ئۇيغۇر تېبابىتى — قۇم بىلەن داۋالاش»تىن ئىبارەت ئۈچ تۈر «دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك تۈرلىرىنى كېڭەيتىش تىزىملىكى»گە تاللانغان.

ئىگىلىنىشىچە، «ئومای رىۋايىتى» ۋە «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» قاتارلىق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرىنىڭ «دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تۈرلىرىنى كېڭەيتىش تىزىملىكى»گە تاللىنىشى — بۇ تۈرلەرنىڭ ناھايىتى زور مەدەنىيەت، تارىخ، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت قىممىتىگە ئىگە بولغانلىقىدىندۇر. بۇنىڭدىن بۇرۇن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى» ۋە «ماناس» بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «ئىنسانىيەت غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى تىزىملىكى»گە، «مەشرەپ» بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «قوغداش زۆرۈر بولغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكى»گە، بىرنەچچە تۈر «دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك تۈرلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلگەن.

www.uyghurkitap.com





مۇجىبۇل راخمان فوتوسى

# قومۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كەشتىچىلىكى ۋە كەشتە مەدەنىيىتى



يۇنۇس سادىق

قومۇلدىكى ئۇيغۇرلار ئۇزاق يىللىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا كەشىپ قىلغان يەرلىك كەشتىچىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر - كەسىپ سەنئىتىنىڭ بىر تۈرى سۈپىتىدە مۇئەييەن مەدەنىيەت قاتلىمىغا ۋەكىللىك قىلىپ كەڭ ئومۇملاشقان ۋە ناھايىتى چوڭ تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن.

كەشتىچىلىك — خەلقىمىزنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىكنى سۆيۈش، گۈزەللىكتىن زوقلىنىش ھەمدە تەبىئەتنى ياخشى كۆرۈشىنىڭ مەھسۇلىدۇر. كەشتىچىلىكنىڭ ھەربىر ھالقىسى ۋە ئەڭ كىچىك ئېلېمېنتلىرىمۇ رېئال تۇرمۇشنى مەنبە قىلغان بولۇپ، دەسلەپتە تەقلىدىي شەكىلدە مەيدانغا كەلگەن بولسا، ھەرقايسى دەۋرلەردە ئىجاد قىلىنغان كەشتە گۈل نۇسخىلىرى تۇرمۇش ئېھتىياجى بويىچە رەڭ، شەكىل، گۈزەللىك، رىتىم، تەرتىپ بويىچە شۇ دەۋرنى ھەمدە شۇ دەۋر ئادەملىرىنىڭ روھىي ھالىتى، ھېسسىياتى، ئېستېتىك ئېڭىنى روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن. بىز قەدىمكى توتېم سەنئىتىدىن ھازىرقى زامان سەنئىتىگىچە بولغان ئۇزاق دەۋرلەردە كەشتە گۈل نۇسخىلىرىنىڭ رەڭ ۋە ئېستېتىك جەھەتتىن ئۆزىگە خاس جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى؛ مۇئەييەن ئېتنولوگىيەلىك مەدەنىيەت تىپى، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيەت دائىرىسى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ھاسىل قىلىپ كەلگەنلىكىنى؛ ھەرقايسى دەۋرلەردە ئىجاد قىلىنغان گۈل نۇسخىلىرىنىڭ مۇئەييەن شەكىل، نۇسخا، ئۇسلۇبلار ئاساسىدا راۋاج تېپىپ مۇكەممەللىشىش، ئەنئەنىۋىلىككە ئىگە بولۇشتەك تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

ئۇيغۇر كەشتىچىلىكى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. تارىخىي خاتىرىلەر، مىڭئۆي تام رەسىملىرى ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ كەشتىچىلىك ھۈنەر - سەنئىتى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا بارلىققا كەلگەنلىكىنى؛ كەشتە بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىش يوللىرىنىڭ كۆپ خىل، كەشتىچىلىك ھۈنەر - سەنئىتى، كەشتىلەش ئۇسۇللىرىنىڭمۇ ھەر خىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. مەسىلەن، ئالتاي تاغلىرى بازىرىق 5 - نومۇرلۇق قەدىمكى قەبرىدىن تېپىلغان رەڭدار قوي يۇڭى بىلەن توقۇلغان، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 - ئەسىرگە تەۋە چايشاپتىكى قاتار - قاتار قاتناۋاتقان ئاتلىقلار بىلەن دالادا ئوتلاپ يۈرگەن بۇغا - ماراللار كەشتىلەنگەن رەسىملەر بۇنى ئىسپاتلايدۇ؛ خوتەننىڭ لوپ ناھىيە سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان، بۇنىڭدىن 2000 — 3000 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە تەئەللۇق، دەپ قارالغان ھەمدەپنە بۇيۇملار ئىچىدە گۈل - گىياھ نۇسخىسى كەشتىلەنگەن ئويما ياقىلىق ئۇزۇن

كۆڭلەك، گارمون شەكىللىك ئۇزۇن كۆڭلەك، ئىشتان،
چاقماق يوللۇق يۇڭ رەخت، گىلەم قاتارلىقلار ئالاھىدە
ئىشلەنگەن؛ نىيا قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى قېزىپ
تەكشۈرۈش جەريانىدا رەتلەنگەن 59MN0010 نومۇرلۇق
ئورۇندىن ئادەم، ھايۋان ۋە ئۈزۈمنىڭ رەسمى كەشتىلەن-
گەن رەڭلىك چەكمەن، رومبا شەكىللىك تۇتاش كاتەكچە
ۋە تۆت يوپۇرماقلىق گۈلنىڭ رەسمى كەشتىلەپ چۈشۈ-
رۈلگەن چەكمەن قاتارلىق ئۈچ خىل يۇڭ توقۇلما بۇيۇم
تېپىلغان ۋە باشقىلار.

(1)

قومۇلنىڭ يانبۇلاق مەدەنىيىتىگە تەۋە خارابە ۋە
قەبرىستانلىقلاردىن تېپىلغان ماددىي بۇيۇملاردىن قارى-
غاندا، كۆن - خۇرۇم بۇيۇملار ياكى بەزى يۇڭ توقۇلما
بۇيۇملارنىڭ ياسىلىش، توقۇلۇش سۈپىتى بۈگۈنكى
كۈندىكى توقۇلما بۇيۇملارغا ئوخشاشلا نەپىس بولۇپ،
كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. قومۇلنىڭ قارادۆۋە قەب-
رىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ھەر خىل يۇڭ توقۇلما
بۇيۇملارنىڭ توقۇلۇش، رەڭ بېرىش تېخنىكىسى، گۈل
نۇسخىلىرى ۋە بارلىققا كېلىشىنىڭ بالدۇرلۇقى قاتارلىق
جەھەتلەردە دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. قارادۆۋە
قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان، بۇنىڭدىن 3200 يىل بۇ-
رۇنقى يۇڭ توقۇلمىلارغا ھەر خىل رەڭدىكى جۇلالىق
يۇڭ يىپلار بىلەن خىلمۇخىل گۈل نۇسخىلىرى چىقى-
رىلغان. قىزىل، قوڭۇر رەڭلىك ۋە قارا يىپلاردىن ئىش-
لەنگەن يەنە بىر پارچە كەشتىنىڭ تېگى قىزىل، كەش-
تىسى سېرىق رەڭدە بولۇپ، ئۇنىڭغا چوڭ - كىچىك
كاتەكچىلەر، كەڭ - تار يوللۇق سىزىقچىلار ۋە ئۈچ بۇ-
لۇڭ شەكىللىك گۈل نۇسخىلىرى كۆركەم قىلىپ كەش-
تىلەنگەن. بۇ، ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك
بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ. قومۇل شەھىرى قارادۆۋىدىن تې-
پىلغان قەدىمكى جەسەتلەر قومۇل بوستانلىقىدىكى قە-
دىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئىرق تەركىبى، ماددىي مەدەنىيىتى
ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىدىن ئۇچۇر بېرىپ، نۆۋەتتە خەلقئارا
ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەر ئالاھىدە دىق-
قەت قىلىۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قال-
دى. 114 قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان ھەمدەپنە بۇيۇملار ئى-
چىدە كىيىم - كېچەك، ئاياغ، باش كىيىملەر بىلەن
بىللە، يەنە ياغاچ بۇيۇملار، تاش قوراللار، رەڭلىك سا-
پاللار، قۇلۇلە، مىس زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلار بار.
مەيلى قارادۆۋە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان بۇيۇملار
بولسۇن ياكى قومۇل يانبۇلاق مەدەنىيىتىگە تەۋە خارابە -
قەبرىستانلىقلاردىن تېپىلغان قەدىمكى كىيىم - كې-
چەكلەر بولسۇن، بۇلار قومۇلنىڭ توقۇمىچىلىق، كەش-
تىچىلىك تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىرىنچى قول
ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىيالدۇر. بۇ بىر تۈركۈم قىم-
مەتلىك ئىنسانشۇناسلىق ئەۋرىشكىلىرى قەدىمكى قو-
مۇل ئاھالىلىرىنىڭ ئىرقى، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتى ۋە
مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى زور ئىلمىي
قىممەتكە ئىگە.

قومۇل بوستانلىقىدا ياشىغان قەدىمكى ئۇيغۇرلار
ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا كەشتى-
چىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، تۈرلۈك كىيىم - كېچەك،
تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئۆي بېزەكچىلىكى، ئات - ئۇلاق،
ھارۋا بېزەكچىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزلىرى
ياخشى كۆرگەن بۇيۇملارنى رەڭگا - رەڭ يىپلار بىلەن
ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرىنى چىقىرىپ كەشتىلىگەن.
بۇ كەشتە بۇيۇملىرى پۇختا، كۆركەم، رەڭدار بولۇپ،
ئىشلىنىشى نەپىس، ئىنچىكە، ئىشلىتىشكە ئەپلىك ھەم
چىدامىلىق مەھسۇلاتلاردۇر. «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلى-
كىنىڭ گۈلتاجى» دەپ قارىلىۋاتقان كەشتىچىلىك ئۇي-
غۇرلارنىڭ قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇملىرى سۈپىتىدە تا-
رىخ بېتىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە.

تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، قومۇلدىكى ئۇي-
غۇرلارنىڭ كەشتىچىلىكىنىڭ كۆپىنچىسى ئەجدادلىرى-
مىزنىڭ قەدىمكى زامانلاردىكى تەبىئەت قاراشلىرى، گۈ-
زەللىككە بولغان تونۇشى، ئىنتىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن زوق-
لىنىش ئارزۇسى بويىچە ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش
ئادەتلىرىنى مەنبە قىلغان ئاساستا ئىجاد قىلىنىپ، يۇقى-
رىقىدەك بىر قاتار تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن
كەچۈرۈپ، بارا - بارا تاكامۇللىشىپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ
كەلگەن. قومۇلنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان
ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۇزۇن چاپىنى، ياندىن تۈگمىلىنىدى-
غان قويۇنلۇق قىسقا چاپانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يەڭ، ياقا،
پەش ئېتەكلىرىگە كەشتىلەنگەن گۈل نۇسخىلىرى، تۇتۇل-
غان چىلتەكلەر كىيىم - كېچەكلەرنى شاھانە تۈسكە كىر-
گۈزگەن. ئەر - ئاياللارنىڭ دوپپا گۈل نۇسخىلىرى، با-
لىلارنىڭ تەقيىي (ئىككى ياشتىن بەش ياشقىچە بولغان با-
لىلار كىيىدىغان دوپپىنىڭ بىر خىلى)، پۇرمىلىرى؛ يوت-
قان بېشى، يۆملاق ۋە تۆت چاسا ياستۇق؛ ئىشىك - دېرى-
زە پەردىلىرىدىكى كەشتە ۋە گۈل نۇسخىلىرى؛ ئويۇق بې-
شى ئاسمىسى، لۆڭگە، قول ياغلىق، پوتا (بەلباغ)؛ ئەر -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاياللارنىڭ پايپاقلىرى، بالىلارنىڭ ئىشتان، پايپاقلىرى قاتارلىقلاردىكى گۈل نۇسخىلىرى كۆپ مەنبە، كۆپ قاتلاملىقتا ئىگە. ئۇ مەشغۇلات جەھەتتىن قاتماللىقتىن خالىي ھالدا قولاي ۋە جانلىقلىقتا ئىگە بولۇپ، ئاددىي ۋە ئىخچام، شەرت - شارائىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان. «كەشتىچىلىك»تىن ئىبارەت بۇ ھۈنەر - سەنئەت — تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى قول بىلەن ئاددىي مەشغۇلات ئارقىلىق ئائىلىدە ئىشلەپچىقىرىشتەك خاراكتېرى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەنئەتخۇمار، ھۈنەرگە باي، ئەقىللىك، چېۋەر، تىنىم تاپماس روھىنى نامايان قىلغان. مۇشۇ جەھەتلەردە قومۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك، كەشتىچىلىك مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭكىگە قارىغاندا رەڭدارلىقى ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ ئېلىپ بېرىلغان 30 نەچچە يىللىق ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسىدە، قومۇلنىڭ كەشتىچىلىكى تېز تەرەققىي قىلىپ، تۇرمۇشىمىزنىڭ قاتلام - قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىردى. بولۇپمۇ كىيىم - كېچەك، ئۆي بېزەكچىلىكىدە قومۇللۇقلار ئۆز ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ، شەھەر - يېزىلاردىكى ھەرقانداق ئۆيدە يوتقان - كۆرپە، ياستۇق، پەردە، لۆڭگە، كىيىم ئاسقۇچلارغىچە يۈرۈشلەشكەن كەشتە ئىشلىتىپ، ئۆي ئىچىنى خۇددى گۈلزارلىققا كىرىپ قالغاندەك كۆزنى قاماشتۇرىدىغان مەنزىرىنى شەكىللەندۈردى. بۇ جەھەتتە قومۇل شەھىرىنىڭ لاپچۇق، قوراي، شەھەر ئىچى، راھەتباغ، غەربىيتاغ ئاياللىرىنىڭ كەشتىچىلىك بۇيۇملىرى رەڭدارلىقى جەھەتتە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. مەن 20 — 30 يىللىق جەمئىيەت تەكشۈرۈش، ئىختىيارىي مۇخبىرلىق قىلىش جەريانىدا بۇ نۇقتىنى خېلىلا چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

2007 - يىلى 9 - ئايدا مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتلەر تەتقىقاتى يۇرتىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەر گۈل كەشتىچىلىكى تەتقىقاتى بويىچە ئۈچ ئايالدىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ تەتقىقات پىلانى بىلەن قومۇلغا كەلدى. ئۇلارنىڭ قومۇلدىكى پائالىيەت، تەتقىقات خىزمىتىنىڭ تېمىسى قومۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك، گۈل كەشتە نۇسخىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر مېنىڭ ئۇلارنى يېتەكلەپ، بارىدىغان جايلارغا ئاپىرىشىمنى ئورۇنلاشتۇردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى لى پىروفېسسور ماڭا بۇ قېتىم ئۆزلىرىنىڭ قومۇلغا كېلىش مەقسىتىنى شۇنداق چۈشەندۈردى: «قومۇل قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىدە كۆپ ئۆزگىچىلىكلەر بار، بولۇپمۇ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن قومۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ كىيىم - كېچەك تۈرلىرى كۆپ، سىيدام كىيىم - كېچەكلەر ئازراق، ھەر خىل گۈل، قۇش، ھايۋانات رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەن كىيىم - كېچەك تۈرلىرى ناھايىتى ئۆزگىچە؛ قومۇللۇقلار يەنە باش كىيىم، ئاياغ كىيىم كەشتىچىلىكى، ئوردا، ساراي ۋە ئۆي ئىچى بېزەكچىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە بېيجىڭ خانلىقلىرىنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى، كىيىم - كېچەك گۈل نۇسخىلىرى ھەمدە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەك تۈرلىرى ئۆزئارا گىرەلەشكەن ھالدىكى ئۆزگىچە مىللىي كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن؛ قومۇل كەشتىچىلىكى شىنجاڭنىڭ كەشتىچىلىككە ۋەكىللىك قىلالايدىغانلىقى سەۋەبلىك، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن بىۋاستە قومۇلغا كەلدۇق.»

لى پىروفېسسور قاتارلىقلارنىڭ تەلىپى بويىچە، مەن ئۇلارنى قومۇلدىكى كەشتىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي ئائىلىلەرگە، قومۇل شەھىرى ئىچىگە، شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتلىرىغا ھەمدە قومۇل ئۇيغۇر كەشتىچىلىكىنىڭ ۋارىسى ھەجەرخان سەمەت ئائىلىسىگە، قومۇل شەھىرى تەڭرىتاغ يېزىسىنىڭ تۆمۈرتى، قوراي قاتارلىق جايلىرىدىن قومۇل شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەن بىر قىسىم ئائىلىلەرگە باشلاپ باردىم. ئۈچ كۈنلۈك تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش جەريانىدا تەتقىقاتچىلار قومۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كەشتە بۇيۇملىرىنىڭ سەرخىللىقى، تۈرىنىڭ ھەر خىللىقى ۋە قەدىمىيلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا: «بىز جەنۇبىي جۇڭگو، خاڭجۇ، سۇجۇ، ئىچكى موڭغۇل كەشتىچىلىكى ئۈستىدە كۆپلىگەن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغانىدۇق، ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا قومۇلنىڭ كەشتىچىلىكى ھەقىقەتەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىكەن، بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدىنمۇ يۇقىرى سەۋىيىدە ئىكەن!...» دەپ، يۇقىرى باھا بەردى. ئۇلار قومۇل شەھەر ئىچى مەدەنىيەت پونكىتىغا قويۇلغان قومۇلنىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد ۋاڭى ئەردىشىر خانىشىنىڭ يىپەكتىن توقۇلغان ھاۋا رەڭ يې-

شىل گۈللۈك تۈز كۆڭلەكنى 3500 يۇەنگە، سەككىزىنچى ئەۋلاد ۋاڭ مېھرىبانۇ ۋاڭنىڭ چوڭ گۈللۈك چاپىنىغا تەقلىد قىلىپ گۈل كەشتىلەپ تىكىلگەن چاپاننى 2500 يۇەنگە سېتىۋالدى. يەنە تەڭرىتاغ يېزىسى تۆمۈرتى، قوراي، نېرناسى قاتارلىق تاغلىق رايونلاردىن قومۇلنىڭ «ئاقار ئېچىش رايونى»غا كۆچۈپ كەلگەن دېھقان - چارۋىچىلار ساقلاپ قويغان كونا پاسوندىكى ئەر - ئايالچە قويۇنلۇق كالتە، ئۇزۇن چاپان، كۆڭلەك، پايپاق قاتارلىق قەدىمكى كىيىم - كېچەكلەردىن ئونەچچە قۇر سېتىۋالدى. بۇ كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۈگىجى يىللىرىغا تەۋە بولۇپ، ماتېرىياللىرى سۇپەتلىك يىپەك، كىمخاب، دۇخاۋا، مەخمەل، ماتا قاتارلىق گەزمال، توقۇلما رەختلەردىن ئىشلەنگەنىدى. كىيىم - كېچەكلەرنىڭ پۈتۈن يۈزىدە گۈل - گىياھلار، سۇمۇرغ، تۇز، قارلىغاچ، كېپىنەك قاتارلىقلارنىڭ شەكىل نۇسخىلىرى بولۇپ، پەش، يۇتۇق، ياقىلىرىغا ھەر خىل رەڭدىكى مەشۇت يىپ، كالۋۇتۇنلار بىلەن گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن چىلتەكلەر تۇتۇلغانىدى.

ئۇلار قومۇل ئۇيغۇر كەشتىچىلىكى ۋارىسى ھەجەرخان سەمەتنىڭ قولدا ئىشلىگەن ئەر - ئايالچە ھەر خىل كىيىملەر، باللار كىيىم - كېچەكلىرى، باش كىيىم، ئاياغ كىيىملىرى، يوتقان - كۆرپە، ياستۇق، پەردە، ئۆي زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق كەشتە بۇيۇملىرى قويۇلغان كۆرگەزمىخانىسىغا كىرگەندە، جۇلالىنىپ كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان كەشتە بۇيۇملىرىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قېلىشتى. بۇ ئۆيدىن ئۇيغۇرلارغا كېرەكلىك كەشتە بۇيۇملىرىنىڭ تۈرلۈك نۇسخىلىرىنى، گۈللەرنىڭ ئويۇقچە نۇسخىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك تاپقىلى بولاتتى. دېمەك، بۇ ئۆي قومۇل ئۇيغۇرلىرى كەشتىچىلىكىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى ئىدى. ئۇلار كۆرگەزمە ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەينەك ساندۇق ئىچىگە قويۇلغان، نەپىس كەشتىلەنگەن ئايالچە دوپپىنى قولدىن - قولغا ئېلىپ كۆرۈپ، ھەجەرخاننىڭ ھۈنەر - سەنئىتىگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇشتى. بۇ، قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ سەككىزىنچى ئەۋلاد ۋاڭى مېھرىبانۇ خېنىم (مىلادىيە 1867 - يىلىدىن 1882 - يىلىغىچە)نىڭ دوپپىسىغا تەقلىد قىلىنغان ھەمدە ئىنچىكە لايىھەلىنىپ، ئۈچ ئاي ۋاقىتتا تىكىلگەن دوپپا ئىدى. دوپپىغا قارا دۇخاۋا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، چەشمە گۈللىرى، چوڭ مودەن گۈللىرىگە 100 خىلدىن ئارتۇق مەشۇت، چەتمە يىپ ئىشلىتىلگەن. دوپپىنىڭ ئۈستى تەرىپى يوغان، كىزىكلىرى كەڭ، توقۇشلىرىغا كالۋۇتۇن تۇتۇلۇپ، ئالدى تەرىپىگە يېشىل ياقۇت كۆز تاقالغانىدى. دوپپىنىڭ تېگى بىلەن گۈل يوپۇرماقلىرىنىڭ ھەم گۈل بەرگىلىرىنىڭ رەڭگى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن روشەن پەرقلەندۈرۈلگەچكە، دوپپىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. لى پىروفېسسور قاتارلىق تەتقىقاتچىلار قومۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغان كۈنلەردە، قومۇلدىكى نۇرغۇن كەشتىچىلەرنى ۋە كەشتە بۇيۇملىرىنى تولۇق كۆرۈپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما قومۇلنىڭ كەشتىچىلىك مەدەنىيىتى ھەققىدە بىرقەدەر چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولدى.

(2)

قەدىمكى زامانلاردا ئۇيغۇرلار ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ياشاش مۇھىتى تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن. شۇڭا، ئۇلار ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەبىئەتتىن روھىي ئوزۇق ئېلىش، يايلاق ۋە سۇ قوغلىشىپ ياشاش، گۈل - گىياھلارغا ھېرىس بولۇش قاتارلىق تۇرمۇش ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرگەن. كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇلارنىڭ چەكسىز تەبىئەتكە، گۈزەل گۈل - گىياھلارغا بولغان ھېرىسمەنلىكى كەشتە ئارقىلىق كىيىم - كېچەك، ئۆي بىساتلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. دېمەك، قومۇل كەشتىچىلىكىنىڭ ھەربىر قاتلىمى، گۈل نۇسخىلىرىنىڭ يېڭىلىنىپ ئالمىشىشى رېئال تۇرمۇشنى مەنبە قىلغان. شۇڭا، ھەرقايسى دەۋرلەردە ئىشلەنگەن كەشتە بۇيۇملىرى ئارقىلىق، ئۇيغۇر كەشتىچىلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تارىخىي تەرەققىياتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ دەۋردىكى تۇرمۇش ئادىتى بىلەن باغلاپ كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، قىز - چوكانلارنىڭ گۈللەرگە قىزىقىشى، قۇلاقلىرىغا گۈل قىسىشى، چىرايلىق گۈللۈك دوپپا كىيىشى، گۈللۈك رەختلەردىن كىيىم كىيىشى، ئۆي ئىچىگە گۈللۈك كىگىز سېلىشى، تام - تورۇسلارغا نەقىش چىقىرىشى قاتارلىقلار بۇنى ئىسپاتلايدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى يىللىرى (مىلادىيەنىڭ 1697 - يىلى) سېلىنغان قومۇل ھېيتگاھ مەسچىتىدىكى ئويما نەقىش قىلىپ ئىشلەنگەن سېۋەت بېشى گۈللۈك 108 تۈۋرۈك ۋە تورۇستىكى تاختايلارغا چۈشۈرۈلگەن كۆپ خىل گۈل نۇسخىلىرى، مەسچىت ئىچى تاملىرىغا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان تۈرلۈك شەكىل ۋە

www.uyghurkitap.com



نۇسخىدىكى گۈل نەقىشلىرى چىقىرىلغان. مۇشۇنىڭدىن
قارىغاندا، ئۇيغۇر بىناكارلىق نەقىشلىرىمۇ كەشتىچە-
لىككە ئوخشاشلا گۈزەل سەنئەت سۈپىتىدە رەسساملىق
سەنئىتى بىلەن ئورگانىك بىرىكىپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن
باشقا، قومۇل ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئالدىغا قومۇلنىڭ
7 - ئەۋلاد ۋاڭى مۇھەممەد بىشىر چىڭۋاڭنىڭ يېشىل
گۈمبىزى سېلىنغان (بۇ گۈمبەز «چىنە گۈمبەز» دەپمۇ
ئاتىلىدۇ)، گۈمبەزنىڭ گۈللۈك ۋە گۈلسىز پىششىق
كاھىشلىرىنىڭ سىرتقى يۈزى خۇددى جانان چىنىدەك
پارقىراق ھەم سىپتا ياسالغان. گۈمبەز ئىچىگە چېكىل-
گەن ھەر خىل نەقىشلەر «چىنە گۈمبەز»نىڭ ھۆسنىگە
ھۆسن قوشۇپ، ئۇنى تېخىمۇ كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك
كۆرسىتىدۇ. «چىنە گۈمبەز» بۇنىڭدىن 200 يىلغا يې-
قىن ۋاقىت ئىلگىرى ياسالغان بولسىمۇ، گۈمبەزگە
ئىشلىتىلگەن كاھىشلارنىڭ نەقىش، رەڭلىرى ھازىر-
غىچە ئەسلىي رەڭگى بويىچە ساقلىنىپ تۇرماقتا. قومۇل
ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقىدىكى مەسچىت، «چىنە گۈم-
بەز»، ئەردىشىر ۋاڭ مۇنارى، شاھ مەخسۇت ۋاڭ مۇنارى
ۋە تەيجىلەر مۇنارى قاتارلىق 200 —— 300 يىللىق تا-
رىخقا ئىگە قۇرۇلۇشلارغا ئىشلىتىلگەن كاھىشلارنىڭ
رەڭلىك گۈل نەقىشلىرى، تام نەقىشلىرى دەۋرلەرنىڭ
ئۆتۈشى بىلەن ئەسلىي قىممىتى، رەڭگى ۋە ھالىتىنى
يوقىتىپ قويماي ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. قو-
مۇلنىڭ يانبۇلاق، قارادۆۋە قاتارلىق جايلىرىدىن تېپىل-
غان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلما بۇيۇملار ھەممىدە بۇ جە-
ھەتتىكى تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، قومۇلدىكى ئۇي-
غۇرلارنىڭ كەشتىچىلىك ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ مىلادىيە-
دىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆ-
رۈۋالغىلى بولىدۇ.

(3)

ئۇيغۇرلارنىڭ كەشتە بۇيۇملىرى كەشتىلەش ئۇسۇ-
لى ھەر خىل، نۇسخىلىرى سەرخىل، ئىشلىتىلىش يول-
لىرى كۆپ خىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. قو-
مۇل ئۇيغۇرلىرى كۆپرەك ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان گۈل
نۇسخىلىرى ئانار، ئۈزۈم، ئەنجۈر، قوغۇن - تاۋۇز، كا-
ۋا، قاپاق؛ نىلۇپەر، مودەنگۈل، ئانارگۈل، شاپتۇل چې-
چىكى، ئەتىرگۈل، جۇخار گۈل، غۇنچە، چېچەك؛ سۇ-
مۇرغ، توز، بۇلبۇل، كەپتەر، قۇشقاچ، قارلىغاچ، كېپى-
نەك؛ قارىغاي، ئارچا، غانجۇغا، قۇياش، ئاي، يۇلتۇز؛
گۈمبەز، مۇنار، رومبا، ھەرە چىشى، لوڭقا، يۈرەك، بۆ-
رەك، ئوقيا... قاتارلىق شۇ دەۋر كىشىلىرى ياخشى
كۆرگەن تۈرلۈك شەيئىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلا-
مىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە، بىر قىسىم ئاقسۆڭەك-
لەر، بايلار، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە ئەۋلادلىرى ئۆزلىرى
چوقۇنىدىغان ھايۋان، قۇش، ھاشاراتلارنىڭ شەكىل -
نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن كىيىم - كېچەكلەرنى ياخشى
كۆرۈپ كىيىشكە ئادەتلەنگەن؛ ئىسلامىيەتتىن كېيىن،
كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادەتلىرى بو-
يىچە جانلىق نەرسىلەر، جۈملىدىن ھايۋانلارنىڭ شەكىل-
لىرى چۈشۈرۈلگەن كىيىم - كېچەك ۋە تۇرمۇش بۇيۇم-
لىرىنى ئىستېمالدىن قالدۇرغان.

تەتقىقات نەتىجىلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەيلى
قەدىمكى زامان كەشتىچىلىكى بولسۇن ياكى ھازىرقى
زامان كەشتىچىلىكى بولسۇن، ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى
ۋە تەرەققىياتى شۇ دەۋر خەلقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇر-
مۇشىنى مەنبە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەربىر
دەۋردىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، رەڭدارلىقى، تەرەق-
قىيات جەريانى قاتارلىق ئەھۋاللارغا قاراپ، شۇ دەۋر
خەلقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا باھا بەرگىلى بولىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، زامانىۋى كەشتىچىلىك
ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئۇيغۇر كەشتىچىلىك ساھەسىدە كەڭ
قوللىنىلىشى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر كەشتىچىلىكى يەنە-
مۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، شۇنداقلا ئالدىنقى ئە-
سىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ قومۇل كەشتىچىلى-
كىمۇ يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويدى. نۆۋەتتە قومۇل
كەشتىچىلىكى ھەمكارلىشىش، كۆلەملىشىش، بازارلى-
شىش يولىغا قاراپ مېڭىپ، يېزا - بازار، ناھىيە (شە-
ھەر)لەرنى بىرلىك قىلغان كەشتىچىلىك جەمئىيەتلىرى
قۇرۇلۇپ، ئەزالىرى ئونمىڭدىن ئېشىپ، كەشتىچىلىك
قومۇل ئاياللىرىنىڭ ئائىلە ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرىدى-
غان ئەۋزەل كەسىپلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، قومۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كەش-
تىچىلىكى ئۆزىنىڭ نەپىسلىكى ۋە خاسلىقى بىلەن ئۇي-
غۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتىدە جۇلالىنىپ تۇر-
غان بىر ئابىدە ھېسابلىنىدۇ ھەمدە ئۇيغۇر كەشتىچىلىك
سەنئىتى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخىنى
تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاپتورى قومۇل ۋىلايەتلىك مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى
كومىتېتىنىڭ پېنسىيونېرى



ئابلىكىم ئەھمەت فوتوسى



# ئايال ۋە ئائىلە (1)

گۈلباھار ناسىر

ئائىلە ئىناقلىقىنى كۈچەيتىش، ئائىلە قارىشىمىزنى مۇستەھكەملەش، ئائىلىنىڭ مۇقەددەس ئورنى ۋە رولىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، شۇنىڭدەك ئائىلە ئىناقلىقى ئارقىلىق جەمئىيەت ئىناقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش — بۈگۈنكى كۈنىمىزدە تەخىرسىز زۆرۈرىيەتكە ئايلىنىپ قالدى. چۈنكى، «ئائىلە — نوقۇل مەنىدىكى ئىككى جىنس قوشۇلمىسىنىڭ قانۇنىي شەكلى بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە ئىنسان ئەۋلادلىرىنىڭ تەۋەللۇتگاھى؛ مېھىر – شەپقەت، ئەقىل – ئىدراك، ئەخلاق – ئادەت، بىلىم – مەدەنىيەتنى يېتىشتۈرىدىغان تۇنجى مەكتىپى... مىللەتنى قۇيۇپ چىقىدىغان قېلىپ» (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن). ئائىلە — كىچىكلىتىلگەن بىر جەمئىيەت، بىر ۋەتەن بولۇپ، مەزكۇر يازمىمىزدا «ئائىلە»دىن ئىبارەت بۇ ماشىنىنىڭ موتورى بولغان ئايالنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى، فۇنكسىيەسى ۋە ئائىلە ئىناقلىقىنى ساقلاشتىكى مۇھىم رولى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

## 1. ئايال ۋە ئۇنىڭ رولى

ئايال — مۇقەددەس سۆز. بۇ سۆز تىلغا ئېلىنسا، قىشتىكى يالقۇنلۇق ئوت، يازدىكى ھۇپپىدە ئېچىلغان گۈل، چۆلدىكى بۇلدۇقلىغان بۇلاق، جىمجىت كېچىدىكى مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى، پايانسىز دېڭىزدىكى ماياك ۋە يەنە ئاللىقانداق گۈزەل شەيئىلەر، تۇيغۇلار كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىدۇ. ئايال سۆزىگە قىزلىق ناز ۋە نازاكەت، ئاياللىق سۈلكەت ۋە لاتاپەت، ئانىلىق جاسارەت ۋە پاراسەت مۇجەسسەملەنگەن. ئايال «ماڭغان كوچىسىدىن بىر يىلغىچە ئىپار پۇرايدۇ»غان قىز سۈپىتىدە نى نەۋقىران يىگىتلەرنى تاغلارنى تېشىپ سۇ باشلاشقا، دەريالاردا ئېقىشقا، ياۋ ئوقى ئالدىدا يۈرىكىنى قالقان قىلىپ تىك تۇرۇشقا ئۈندىيەلىسە؛ ئانا سۈپىتىدە ئەرگە، پەرزەنتكە قانات، مەدەت، كۈچ – قۇۋۋەت بولۇپ جانىنى جانغا ئۇلايدۇ، ئەۋلاد زەنجىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ئەجداد چىرىغىنى ياندۇرىدۇ. ئىنسان بالىسىنىڭ تىلى تۇنجى بولۇپ «ئانا» دەپ چىقىدۇ؛ يىقىلغاندا، قورققاندا، چۆچۈگەندە، ئازابلانغاندا، خۇشال بولغاندا تۇنجى بولۇپ «ئانا» دېگەن

www.uyghurkitap.com



سۆز تىلىغا كېلىدۇ؛ «ئەسسالام» دەپ تالادىن كىرگەن ئەر (دادا)نىڭ كۆزلىرى ئۆيدىن تونجى بولۇپ خوتۇنىنىڭ سىيماسىنى ئىزدەيدۇ، ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىككىنچى ئېغىز سۆزى چوقۇمكى «ئاناڭلار قېنى؟» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئايال بۇ دۇنيادىكى بارلىق ياخشىلىق، چىنلىق، ساپلىق، مۇھەببەت، شۇنداقلا ساداقەتنىڭ مەنبەسىدۇر؛ دۇنياغا گۈزەللىك تاراتقۇچى، گۈزەللىكنى بەرپا قىلغۇچىدۇر. ئۇنىڭ قەلبى بىر دەريادۇركى، ئۇنىڭغا ھېسابسىز سۆيگۈ، بېغىشلاش ۋە بەدەل، كۆز ياشلار جىممىدە سىڭىپ كېتىدۇ. مانا بۇ ئايالنىڭ ماھىيىتى، تەبىئىتى! ئاياللار تارىختىن بېرى شۇنداق ياشاپ كەلدى ھەم ھازىرمۇ شۇنداق ياشاۋاتىدۇ.

تالاي يىللاردىن بېرى نۇتۇقلىرىمىزدا، ماقالە-ئەسەرلىرىمىزدە «ئاياللار بىر قولىدا بۆشۈكنى تەۋرەتسە، بىر قولىدا دۇنيانى تەۋرىتىدۇ»، «جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا» دېگەن ھېكمەتلەرنى تەكرارلاپ كەلدۇق. مېنىڭچە، بۇ، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى ۋە قىممىتىنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە، مەلۇم مەنىدىن يەنە جەمئىيەتنىڭ ئاياللاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنى، ئاياللارغا قويىدىغان تەلىپىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزدۇر. ئۇنداقتا، پەن-تېخنىكا بۈگۈنكىدەك يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، تەرەققىيات مېۋىلىرى بىزنى تېخىمۇ راھەت، قولاي، ھۇزۇرلۇق ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىۋاتقان، شۇنىڭدەك تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئېكولوگىيەمىز مەلۇم دەرىجىدە بۇزۇلۇۋاتقان شارائىتتا ئاياللار قانداق ياشىشى، جەمئىيەتتىكى رولىنى قانداق ئارتتۇرۇشى، ئائىلىدە قانداق روللارنى ئوينىشى كېرەك؟

بىرىنچى، ئاياللار دەۋرنىڭ جىددىي تەقەززاسى بولغان بىلىم ئېلىش، تەربىيەلىنىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك. ئاياللار ئۈچۈن ياخشى تەربىيەلىنىش ۋە يۇقىرى مەلۇماتلىق بولۇش شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈركى، ئاياللار كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى بولغان پەرزەنتلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى — جىسمىنىلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ روھىنى، مىجەز-خاراكتېرىنى، ئەخلاق-پەزىلىتىنى، ئەقىدە-ئىخلاسىنى تۇغقۇچى، قېلىپقا سېلىپ ياساپ چىققۇچىلاردۇر. ئىنسان بالىسى يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىپلا «ئانا»دىن ئىبارەت بۇ تۇنجى ئۇستازنىڭ قولىغا چۈشىدۇ. بىز ئادەتتە «كىشىگە بىر چىنە سۇ بېرىش ئۈچۈن ئۆزىدە بىر چېلەك سۇ بولۇش كېرەك» دەيمىز. ئىجتىمائىي پائالىيەت، خىزمەت دائىرىسىدە كىشىگە شۇنداق تەلەپ قويۇلغان يەردە، ئۆزىنىڭ جىگەر پارىسىنى، ھاياتىنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىسىنى، دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ كېلەچىكىنى تەربىيەلەيدىغان، ياساپ چىقىدىغان ئايال (ئانا)نىڭ ئىلىم-بىلىم، ئەخلاق-پەزىلەت ئۆگىنىشى، ئۆزىنى توختاۋسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشى، ئۆزى تەۋە توپنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى، تارىخى، ئۆرپ-ئادىتىنى پۇختا بىلىشى تېخىمۇ زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

ھازىر خەلق ئارىسىدا قىزلىرىنى ئوقۇتقىلى ئۇنىماي ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇۋالىدىغان، ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان قىزلارنى ياتلىق قىلىۋېتىدىغان نامۇۋاپىق ئىشلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك. لېكىن، شۇنداقتىمۇ «ئوقۇغانىكەن، خىزمەت ئىشلەش كېرەك، خىزمەت تاپالمىغاندىكىن ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇشنىڭ، [illegible] يۇقىرى مەلۇماتلىق بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟» دېگەن قارايدىغانلار، قىز-ئاياللىرىنىڭ يۇقىرىلاپ ئوقۇشنى قوللىمايدىغانلار، تېخىمۇ كۆپرەك ھۈنەر-تېخنىكا ئىگىلىشىنى ياقتۇرمايدىغانلار ھېلىھەم بار. دېمەككى بىزنىڭ قىز-ئاياللار ھەققىدىكى قارىشىمىز، ئاياللار ساپاسى ھەققىدىكى تەخىرسىزلىك تۇيغۇمىز تېخى يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس. ئوقۇشتىن، بىلىم ئىگىلەشتىن مەقسەت پەقەت خىزمەت قىلىش ئۈچۈنلىما؟ تېخىمۇ كۆڭۈللۈك، ھۇزۇرلۇق، بەختلىك ياشاش ئۈچۈن ئوقۇساق، ئۆگەنسەك؛ بىلىملىك سودىگەر، بىلىملىك دېھقان، بىلىملىك ئانا بولساق بولمامدىكەن؟ ئەلۋەتتە، ھەممىگە خىزمەت ئورنى تېپىلسا ئىشلىسەك، ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانساق، ئىجتىمائىي باشقۇرۇشقا قاتنىشىپ جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشساق، ھەم ئائىلىدىكى، ھەم جەمئىيەتتىكى مەسئۇلىيىتىمىزنى ياخشى ئادا قىلساق تېخى ياخشى. ئەمما ئۇ خىل شارائىت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، كۆپرەك ئوقۇپ بىلىم ئىگىلەپ، بىلىملىك، ساپالىق، پاراسەتلىك ئايال بولۇپ، ئەرنىڭ قولدىشى، بالىلارنىڭ دانا، چېۋەر ئانىسى بولۇپ ئۆتسەك يامىنى يوق. ئائىلىنى ئىللىقلاشتۇرۇش ۋە پەرزەنتلەرنى يارامىلىق تەربىيەلەشمۇ ئوخشاشلا جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشقانلىق ھېسابلىنىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چەت ئەللەرگە چىقىپ زىيارەت قىلغان، ئوقۇغان، ساياھەت قىلغان كىشىلىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن، يازمىلىرىدىن ياپونىيە، كورېيە، ئامېرىكىلاردا بەزى ئاياللارنىڭ دوكتور، ھەتتا دوكتور ئاشتىلىقچە ئوقۇغان تۇرۇقلۇق، پەرزەنتلىرىنى يارامىلىق تەربىيەلەش ئۈچۈن ئائىلىدە پەرزەنت تەربىيەلەش

بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. بۇلار بىزنىڭ ئويلىنىپ بېقىشىمىزغا، قانداق ئايال، قانداق ئانا بولۇش ھەققىدە ئۆزىمىزگە قايتىدىن سوئال قويۇپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدىغان مەسىلىدۇر.

**ئىككىنچى، ئاياللار ئاياللىق سەنئىتىنى ئىگىلىگەن بولۇشى كېرەك.** ئاياللىق — ئاددىيلا بىر سۈپەت ئەمەس، بەلكى ھەممە ئايالنىڭ چوقۇم ئۆگىنىشى زۆرۈر بولغان بىر سەنئەت. بىر ئايالغا نىسبەتەن ئايال بولۇشنى ئۆگىنىشنىڭ تۇنجى قەدىمى ئۇنىڭ بالىلىق ۋاقتىدىن تارتىپلا باشلانغان بولىدۇ. ئۇ ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز يوسۇندا تاماقنى قانداق ئېتىش، ئۆينى قانداق سەرەمجانلاشتۇرۇش، بالىنى قانداق بېقىش، ئەرنى قانداق كۈتۈش، ئائىلە ئىقتىسادىنى قانداق باشقۇرۇش، قوشنا - قولۇم ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر ئارا بولىدىغان تۈرلۈك ئالاقە ئىشلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. قىز بالىلار كىچىكىدە ئوينايدىغان «ئاش ئېتىش»، «ئۆي تۇتۇش»، «مېھماندارچىلىق» قاتارلىق ئويۇنلار، شۇنىڭدەك قىز بالىلارنىڭ تىنىماستىن قورچاق ئويناشلىرى، قورچاقلارغا كىيىم تىكىپ كىيدۈرۈپ يۇرۇشلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ خىل ئۆگىنىشنىڭ ئاڭسىز ھالدىكى تەييارلىق باسقۇچى ياكى تۇنجى قەدىمىدۇر، شۇنداقلا بۇلار ئايال بولۇشنىڭ كىتابتا يېزىلمىغان قائىدىلىرىدۇر.

پاكىز، ئىدىتلىق، ئېجەشلىك، مۇلايىم، خۇشپېئىل بولۇش؛ تۆشۈك ئىشلىرىغا چېۋەر ۋە ئېرىنمەيدىغان بولۇش؛ مېھماندوست بولۇش، مېھمانلار ئالدىدا ئازنى كۆپ، سەتنى چىرايلىق، غورىگىلنى مول قىلىپ كۆرسىتىپ، ئەرنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىش؛ قوشنىلار بىلەن ئەپ ئۆتۈش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش؛ ئېرىنىڭ، ئۆزىنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشى ۋە كىيىم - كېچىكىگە (تۇرى ۋە پاسونىغا ئەمەس، ياراشقان - ياراشمىغانلىقىغا، پاكىز ياكى پاكىز ئەمەسلىكىگە) ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىپ تۇرۇش؛ ئائىلە ئىقتىسادىنى باشقۇرۇشقا ماھىر بولۇش ... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاياللىق سەنئىتىگە تالىق ئىشلاردۇر. مۇشۇ ئىشلارنى لايىقىدا بېجىرەلىگەن ئايال ئۇمۇمەن ئاياللىق سەنئىتىنى بىر قەدەر پۇختا ئىگىلىگەن ئايال ھېسابلىنىدۇ.

خەلقىمىزدە ئاياللارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشىگە ئەزەلدىن يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىلىپ كەلگەن. ھازىرقى كۈنلەردە مەن نۇرغۇن ئاياللارنىڭ «خىزمەت ئالدىراشچىلىقىدا» ئۆي تازىلاشقا، تاماق ئېتىشكە، ئېرى، بالىلىرى بىلەن دەرقەمتە ئولتۇرۇپ بىر تاۋاق ئاشنى بىللە يېيىشكە، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۇستىبېشىنى تۈزۈكرەك ئوڭشاپ يۇرۇشكە ۋاقىت چىقىرالمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئەجەبا، خىزمەت قىلىشتىن مەقسەتمۇ ياخشىراق ياشاش، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۇچۇنغۇ! يۇقىرى ئۇنۋان، يۇقىرى مائاش، يۇقىرى ئورۇن ئۇچۇن تىرىشىشىمىز بىر جەھەتتىن ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىمىزنى نامايان قىلىش، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش ئۇچۇن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۇرمۇشقا قولايلىق تېخىمۇ ئېسىل بۇيۇملاردىن بەھرىمەن بولۇش، بالىلىرىمىزغا تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىش مۇھىتى ھازىرلاپ بېرىش ئۇچۇنغۇ؟ ئاياللار ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى، خىزمەت ئورنىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىش بىلەن بىللە ئائىلىسىنىمۇ تاشلاپ قويماسلىقى؛ ئېرىنىڭ، پەرزەنتلىرىنىڭ، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئەھۋالىغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرۇشى كېرەك. دىتى بار ئايال ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالايدۇ. مېنىڭچە، ئۆزىنىڭ بولۇمسىزلىقىنى، ھۇرۇنلۇقىنى، مەسئۇلىيەتسىزلىكىنى «خىزمەت ئالدىراشلىقى»غا دۆڭگەپ قويۇش ئاقمايدۇ.

مەن بەزى ئانىلارنىڭ نومۇس قىلماستىن «قىزىمنىڭمۇ كېيىن ماڭا ئوخشاش جاپاكەش بولۇپ قالماسلىقى ئۇچۇن، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنى ئۆگەتمىدىم»؛ «قىزىمنى خاتىرجەم ئوقۇشنى ئوقۇۋالسۇن دەپ تۆشۈك ئىشلىرىغا سالمىدىم، كېيىن بېشىغا كەلگەندە ئۆگىنەر»... دېگەندەك گەپلىرىنى ئاڭلىغاندا «توۋا» دەپ قالىمەن. بۇ ئەسلى بىر ئايال، بىر ئانا كېرىلىپ تۇرۇپ دەيدىغان گەپلەر ئەمەس ئىدى. مېنىڭچە، «ئائىلە»دىن ئىبارەت بۇ كىچىك ۋەتەننىڭ ئىگىسى بولمىش ئاياللار ئاياللىق سەنئىتىنى ئۆزى پۇختا ئىگىلەپلا قالماي، يەنە ئەۋلادلىرىغا ئۆگىتىش ۋە مىراس قىلىپ قالدۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى دەپ بىلىشى كېرەك. بولمىسا، ئۆيدىن مېھىر، بەرىكەت، ئىناق كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

**ئۈچىنچى، ئاياللار پەرزەنت تەربىيەلەشكە ماھىر بولۇشى كېرەك.**

بالىلىرىنى توختىماستىن كۇرسلارغا قاتناشتۇرۇش، بازاردىكى «ھامبۇرگ بولكىسى»، «پىسا قاتلىمىسى» بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش، داڭلىق ماركىلىق كىيىملەر بىلەن ياساندۇرۇش، بىر بالىغا بىرنەچچە ئائىلە ئو-

www.uyghurkitap.com



قۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىش... قاتارلىقلارنى پەرزەنت تەربىيەلەشكە كۆڭۈل بۆلگەنلىك دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنداق ھەرىكەتلەر بىلەن بالىنىڭ نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولسىمۇ، بەخت تۇيغۇسىنى ئاشۇرغىلى، دۇرۇس ئادەم بولۇشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. **ئۇنداقتا، ئانىلار بالىلىرىنى قانداق تەربىيەلىشى كېرەك؟**

(1) ئەڭ ئاۋۋال بالىغا قانداق ئادەم بولۇشنى، سۆيۈش - سۆيۈلۈشنى ئۆگىتىش، يەنى بالىنىڭ قەلبىگە ئىنسان ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم بولغان مېھىر - مۇھەببەتنى سىڭدۇرۇش كېرەك. ئىنسان بالىسى ئەڭ دەسلەپكى تەربىيەنى ئائىلىدىن، ئاتا - ئانىسىدىن ئالىدۇ. ئاتا - ئانا مەسئۇلىيەتچان، دۇرۇس، ئىجتىھاتلىق بولسا، ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى، پەرزەنتىنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى سۆيسە، ئۇلارغا كۆيۈنسە، تەبىئىيكى، بۇ چوقۇم بالىغا تەسىر قىلىدۇ، بالىمۇ ئەتراپىدىكىلەرنى سۆيىدىغان بولۇپ چوڭ بولىدۇ. بالىسى بىكۆيۈم، باغرى تاش، شەخسىيەتچى بولۇپ قالغان كىشىلەر ئۆزلىرى ئاتا - ئانىلىرىغا بولغان مۇئامىلىسىدە ياكى باشقا جەھەتتە كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلەر بارمۇ - يوق، ئوبدان ئويلىنىپ باقسا بولىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئادەم ئۆزىدە يوق نەرسىنى باشقىلارغا ھەرگىز بېرەلمەيدۇ. بىز چەت ئەللىكلەرنىڭ بالىلىرى 18 ياشقا كىرگەندىن كېيىنلا ھەممە ئىشنى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىشىغا قويۇپ بېرىدىغىنىغا، ئۇلار بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھېچقانداق ئالاقىدە بولمايدىغانلىقىغا ھەۋەس قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئاشۇ چەت ئەللىكلەرنىڭمۇ بىزنىڭ ياشانغان ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا، بالا - چاقا، نەۋرە - چەۋرىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك چۆرگىلەپ، ئۇلارنى مېھماندەك ئەزىزلەپ ئۆتۈۋاتقىنىغا قاراپ ئۆزلىرىنىڭ غېرىبلىقتا تولغان تۇرمۇشىنى ئويلاپ ئاچچىق خورسىنىدىغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

(2) بالىنى تەبىئەتكە يېقىنلاشتۇرۇش، ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە تەبىئەت بىلەن كۆپرەك ئۇچراشتۇرۇش كېرەك. شەھەر - بازارلاردىكى بالىلارنى بىر مەزگىل يېزا - قىشلاقلارغا، يۇرتتىكى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەرنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ، تەبىئەت بىلەن، ئەنئەنىۋى تۇرمۇشىمىز بىلەن ئۇچراشتۇرۇش — بىر تەتىلدە نەچچە خىل كۇرسلارغا بەرگەنگە، كومپيۇتېر، يانفون قاتارلىقلارنى ئېلىپ بەرگەنگە قارىغاندا بالىغا كۆپرەك نەپ بېرىدۇ؛ بالىنىڭ تەپەككۇرىنى غىدىقلايدۇ، خۇشاللىق، مۇستەقىللىق، ئىجادچانلىق تۇيغۇسىنى ئاشۇرىدۇ. بۇ جەرياندا بالا ھېسداشلىق ۋە مۇھەببەتنى چۈشىنىدىغان، ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىلەرنى كەمسىتمەيدىغان، ئىسراپخورلۇق، ھەشەمەتچىلىك قىلمايدىغان بولىدۇ.

(3) بالىغا ھەر ۋاقىت ئىلھام بېرىپ تۇرۇش كېرەك. بالىنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇشىغا نىسبەتەن بۇ دۇنيادا مېھىر - مۇھەببەت، سىلىق مۇئامىلە ۋە ئىلھام - مەدەتنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ھېچنەرسە بولمىسا كېرەك. نيۇتون دەرەخ ئاستىغا چۈشكەن ئالمىغا قاراپ يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچىنى تەتقىق قىلىۋاتقاندا، ئانىسى ئۇنى كەمسىتىپ روھىغا سوغۇق سۇ سەپكەن بولسا، ئۇ «يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى»نى بايقىمىغان؛ نېيل ئارمسترونگنىڭ ئانىسى ھەدەپ ئاسماندىكى ئايغا قاراپ سەكرەپ ئويناۋاتقان بالىسىغا ئىلھام بەرمەي، «يىقىلىپ كېتىسەن، جىم تۇر، كالۋا!» دەپ تىللىغان بولسا، ئۇ ئىنسانلار ئارىسىدىن تۇنجى بولۇپ ئاي شارىغا چىققان ئادەمگە ئايلىنالمىغان بولاتتى... ئانىلار بالىنىڭ قىزىقىشى، ئالاھىدىلىكىنى بايقىغان ھامان ئۇنىڭغا ئىلھام بېرەلمىسە — بالىنىڭ قەلبىدىكى ئاجىز ئۇچقۇننى لاۋۇلداپ تۇرغان يالقۇنغا ئايلاندۇرىدىغان كۈچنى بېرەلمىسە — قەتئىي بولمايدۇ!

(4) بالىدا كىتاب ئوقۇش ئادىتى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. كىتابنىڭ ئىنسان بالىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، تاكامۇللىشىشىدىكى مىسلىسىز رولى ھەممىيلەنگە ئايان. كىتاب — ئىنساننىڭ روھىنى پاكلايدىغان، مەنىۋىيەت ئېتىزىنى گۈزەللەشتۈرىدىغان ئەڭ ئۇنۇملۇك قورال. ئومۇمەن، كۆپ كىتاب ئوقۇيدىغان، كىتابنى ياخشى كۆرىدىغان، كىتاب ئارقىلىق قەلب دۇنياسىنى بېيىتىپ بارغان ئادەمدىن ئىنسانىيەت ئۈچۈن زىيانلىق ئادەم ئاز چىقىدۇ. مۇنداق ئادەم قىيىنچىلىق ئىچىدىن ئۆزى يول تېپىپ ماڭالايدۇ، مۇھەببەت - نەپرەت تۇيغۇسى ئېنىق بولىدۇ، مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىدۇ. شۇڭا، «يارامىلىق بالا تەربىيەلەيمەن» دېگەن ئاتا - ئانىلار ئەڭ ئاۋۋال بالىدا كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى، كىتابقا بولغان مۇھەببەتنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشى، مۇمكىن بولسا كىتاب ئىشكاپى سېتىۋېلىپ زۆرۈر كىتابلاردىن، لۇغەتلەردىن، ئوقۇشلۇقلاردىن ئېلىپ تىزىپ قويۇشى كېرەك. بۇنىڭ-

دىن باشقا، ھەپتىدە ياكى ئايدا بىرەر كۈننى بېكىتىپ بالا بىلەن بىللە كىتابخانىلارغا، كۇتۇپخانىلارغا بېرىش، بالا بىلەن بىرەر كىتابنى بىللە ئوقۇپ ئۆزئارا مۇلاھىزە قىلىش، تەسىراتىنى ئورتاقلىشىش كېرەك. بۇ ئۇسۇل ئانا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى كۈچەيتىدۇ، بالىنىڭ قەلبىدە ئانىغا نىسبەتەن ھۆرمەت، ئىپتىخار تۇيغۇسى ئويغىتىدۇ.

(5) كۆپرەك ۋاقىتنى بالىغا بېرىش، بالىغا ھەمراھ بولۇش كېرەك. پەرزەنت تەربىيەسىدىكى ھالقىلىق رول ئوينىغۇچى بولغان ئايال ھاياتتا نېمىنىڭ مۇھىم، نېمىنىڭ مۇھىم ئەمەسلىكىنى ئەقلىي يوسۇندا تونۇشى، ئالدىراش خىزمەت، قائىدە ـ يوسۇن، چاي ـ توي ئىچىدىن چوقۇم ۋاقىت چىقىرىپ بالىلىرىغا ھەمراھ بولۇشى، سىردىشىشى، مۇڭدىشىشى، بالىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، تەلەپ ـ ئېھتىياجلىرى، قىزىقىشلىرىنى بىلىپ ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدىكى يېتەكلەش، قوزغىتىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، بالىدا ئادىمىلىك پەزىلەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشى، بالىنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىشى، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشى، بالىنى ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان توغرا نىشان، يول ۋە ئۇسۇل بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ۋاقىتنى قانداق ئىشقا ئىشلىتىش، قانداق يەرگە ئىشلىتىش نۆۋەتتە ئاياللىرىمىزنىڭ دىتىغا، ئەقلىگە، كەلگۈسىدە بالىلىرىنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىغا باغلىق ئىش بولۇپ قالدى.

**تۆتىنچى، ئاياللار ئائىلە بىلەن خىزمەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك.** بۈگۈنكى دەۋردىكى ئاياللارنىڭ يۈكى ناھايىتى ئېغىر. ئۇلار ئەرلەر بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ ئىشلىمىسە، مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىش ـ خىزمەتلىرىگە ئەجىر سىڭدۈرمىسە، كۈچ چىقارمىسا، رىقابەتلەشمىسە بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قاتار قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەت چەمبىرىكىدە چۆرگۈلىمىسە، زامانغا لايىق ياسىنىپ ـ تارىنىپ، ئۆي تۇتۇپ، بالا تەربىيەلەپ، ئېرىنى كۈتۈپ ئۆتمىسە تېخى بولمايدۇ. مۇشۇنداق ئۈست ـ ئۈستىلەپ كېلىۋاتقان بېسىم ئاستىدا سالامەتلىكىنى، خۇشاللىقىنى، لاتاپىتىنى بەدەل قىلىپ بېرىۋاتقان ئاياللارنىڭ بۈگۈنكى دەۋردە دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلىرى ھەقىقەتەنمۇ ئاز ئەمەس. ئەمما، بۇ خىل قىيىنچىلىق ئىچىدىن يول تېپىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەي بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە ئاياللار چېۋەرلىك، دانالىق، يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئۆز ئىشلىرى ھەققىدە توغرا قارار چىقارمىقى، خىزمەت بىلەن ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تەڭپۇڭ نۇقتىسىنى تېپىشنى بىلىشى زۆرۈر. بىرىنى دەپ يەنە بىرىنى قۇربان قىلىۋېتىشكە، بولۇپمۇ ئائىلىنىڭ، پەرزەنتلەرنىڭ بەخت ـ ئىستىقبالىنى قۇربان قىلىۋېتىشكە قەتئىي بولمايدۇ.

**بەشىنچى، ئاياللار ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى توغرا تونۇشى كېرەك.** ھەر قېتىم ئاياللارنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ھەققىدە سۆز بولغاندا، كۆز ئالدىمغا بىر بولسا ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتى، بۇ دۇنياغا ئەرلەر بىلەن ئوخشاش رىزىق ـ نېسىۋىلەر، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەر بىلەن يارىتىلغانلىقى، قانداقتۇر ئەرلەردىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان ياكى ئەرلەردىن مەلۇم يەرلىرى كەم يارىتىلغان مەخلۇق ئەمەسلىكىنى بىلمەستىن مەھكۇملارچە ياشايدىغان ئاياللار؛ بىر بولسا «ئاياللار ئازادلىقى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى خاتا ئىستېمال قىلىۋېلىپ، بۇنى دادىسىنىڭ، ئېرىنىڭ، ئەر قېرىنداشلىرىنىڭ ياكى ئەر خىزمەتداشلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇششۇقلۇق قىلىشنى قورال قىلىۋالغان، ئىككى جىنس ئارىسىدىكى تەبىئىي خاسلىقنىمۇ ئىنكار قىلىشتىن يانمايدىغان ئاياللار كېلىدۇ. بىلىش كېرەككى، «ئاياللار ئازادلىقى» تەشەببۇسلىرىدا تەكىتلىنىدىغان ئاياللارنىڭ ھوقۇقلىرى: ئاياللارنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئەرلەر بىلەن باراۋەر ياشاش، تەرەققىي قىلىش، بىلىم ئېلىش، تەربىيەلىنىش، خىزمەت قىلىش، جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھوقۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەرگىزمۇ بىر قىسىم كىشىلەر ئويلىغاندەك ئىككى جىنس ئارىسىدىكى تەبىئىي خاسلىقنى چەتكە قاقىدىغان، ئاياللارنى ئەرلەردىن ھوقۇق تالىشىشقا، ئۈستۈنلۈك تالىشىشقا ئۈندەيدىغان، كۈشكۈرتىدىغان تەشەببۇس ئەمەس. دېمەك، بۇنىڭدىن ئاياللارنىڭ ھەقىقىي قولغا كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك نەرسىسىنىڭ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەت ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس ئەمەس. مۇشۇ نۇقتىنى توغرا تونۇغان ئايال مېنىڭچە، ئۆزىگە توغرا باھا بېرەلەيدۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلالايدۇ، شۇنداقلا ھەرقانداق يەردە، ھەرقانداق ئورۇندا ئۆزلۈك قىممىتىنى نامايان قىلالايدۇ.

(داۋامى بار)

ئاپتورى «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





# كۇچادىكى بىر قىسىم ئاساسلىق ساياھەت نۇقتىلىرى (1)

ئەھەد داۋۇت

كۇچا — شىنجاڭدىكى كۆپ خىل مەدەنىيەت ئىزنالىرى ساقلانغان قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ يەردە ھازىر مەملىكەت ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان بىرمۇنچە مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ساقلانغان. بۇلار كۇچانىڭ سەيلە-ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە تۈرلۈك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندە كۇچادىكى بىرقىسىم ئاساسلىق ساياھەت نۇقتىلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

**قىزىلقاغا تۇرى:** كۇچا ناھىيە بازىرىنىڭ 10 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدىكى شالداراڭ ئېقىن جىلغىسىنىڭ ئېغىزىغا يېقىن بىر دۆڭگە جايلاشقان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان بۇ تۇر ئۇلىنىڭ تەكشى يۈزى تىك تۆت تەرەپلىك بولۇپ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى ئالتە مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 5.4 مېتىر كېلىدۇ؛ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 13 مېتىر بولۇپ، ئۇلىدىن يۇقىرىغا تراپېتسىيە شەكلىدە كىچىكلەپ بارىدۇ. خاڭداپ ياسالغان بۇ تۇر قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 12 — 15 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئۈستۈنكى قىسمىنىڭ ياغاچ، سۆڭەك ئارىلاشتۇرۇلۇپ خاڭدالغان قاتلاملىرىنىڭ ئارىلىقى 1 — 2.1 مېتىر كېلىدۇ. تۇرنىڭ يۇقىرى قىسمى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان.

ئۇزاق يىللاردىن بېرى بۇ تۇرنىڭ گەۋدىسى تۈرلۈك تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە شامال، يامغۇر سەۋەبىدىن ئۇپراپ، ئوقۇرسىمان شەكىلگە كىرىپ قالغان. 2001 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن «دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» قىلىپ بېكىتىلگەن.

**كۇسەن قەدىمىي شەھىرى:** كۇچا ناھىيە يېڭىشەھەر رايونىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. قارادۆڭدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ پايتەختى «يەنچېڭ شەھىرى» ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «ئىلىخۇ شەھىرى»نىڭ خارابىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى 1958 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، قەدىمكى شەھەرنىڭ تەرتىپسىز تىك تۆت تەرەپلىك شەكىلدە ئىكەنلىكى، ئايلانمىسىنىڭ يەتتە كېلومېتىر، غەربىي سېپىلى بىلەن جەنۇبىي سېپىلى ئۇزۇنلۇقىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. 1990 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئىشخانىسى كۇسەن قەدىمىي شەھىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگەندە، شەرقىي سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 4.11 مېتىر، ئۇل كەڭلىكى تەخمىنەن بەش مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر كېلىدىغان خاڭداپ ياسالغان بىر بۆلىكىلا قالغان. شىمالىي سېپىلىنىڭ كۆپ

قىسمى ۋەيران بولۇپ كەتكەن. ھازىر ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 400 مېتىر، ئۇل كەڭلىكى 7.11 مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى يەتتە مېتىر كېلىدىغان خاڭداپ ياسالغان بىر بۆلىكلا قالدى.

كۇسەن قەدىمىي شەھىرى خارابىسى ئاستىدا نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار. قەدىمىي شەھەرنىڭ ئىچى - سىرتىدا ئون نەچچە خارابىلىك بولۇپ، قارادۆڭ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، جەنۇبىي سېپىلنىڭ تەخمىنەن 400 مېتىر غەربىدە «پىلاڭدۆڭ»، ئۇنىڭ غەربىدە «ساقساقدۆڭ»، شەرقىي سېپىلنىڭ يېنىدا ئۆي - ئىمارەت ئىزى بار. بۇ يەردىن ساپال پارچىسى، تۆمۈر پارچىسى، تۇچ سۇنۇقلىرى، قاشتاش ھالقا، جىيەكسىز يارماق ۋە كۇسەن كىچىك يارمىقى قېزىۋېلىنغان. بۇ ئورۇن 1962 - يىلى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» قىلىپ بېكىتىلگەن.

**سۇباش بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى:** كۇچا ناھىيە بازىرىنىڭ 23 كىلومېتىر شىمالىدىكى چۆلتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى، كۇچا دەرياسى ئېغىزىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا جايلاشقان. بۇ، شىنجاڭدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى ھېسابلىنىدۇ. تاڭ شۆەنزاڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا سەپەر ئۈستىدە كۇسەندە تۇرغاندا، بۇ ئىبادەتخانا توغرىسىدا «بۇددا ھەيكەللىرى ھەيران قالارلىق ماھارەت بىلەن بېزەلگەن» دەپ خاتىرە قالدۇرغان. ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئىبادەتخانا دەريانىڭ شەرق ۋە غەربىدە بىر - بىرىگە ئۇدۇل تۇرىدۇ. شەرقتىكى بۇددا خارابىسىنىڭ شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 146 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 535 مېتىر كېلىدۇ. ئاساسلىق خارابىلەر غەربىي قىسمىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇددا زالى ۋە راھىبلار ھۇجرىسى، شىمالىي مۇنار، ئوتتۇرا مۇنار، جەنۇبىي مۇنار قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، 4 - ئەسىردە ئۆتكەن ئېلىمىز بۇددىزم ساھەسىدىكى تەرجىمىشۇناس كۇماراجىۋا (344 — 413 - يىللار) مۇشۇ ئىبادەتخانىدا غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەردىن كەلگەن پادىشاھ، شاھزادىلەرگە بۇددا ئەھكاملىرى توغرىسىدا تەپسىر ئۆتۈپ، نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈرۈپ چىققان.

1898 - يىلى رۇسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى كوزلوف بۇ يەردىن تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن غايەت زور قاشتاشنى تېپىپ، ئۇ تاشنى ئىككى پارچە قىلىپ، رۇسىيەگە ئېلىپ كەتمەكچى بولغاندا، كۇچا خەلقى قاشتاشنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشىنى توسۇپ قالغان. بىر پارچىسى 1200 كىلوگىرام، يەنە بىر پارچىسى 700 كىلوگىرامدىن كۆپرەك كېلىدىغان بۇ قاشتاش تاكى 1964 - يىلىغىچە ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ساقلانغان، 1964 - يىلى بېيجىڭ تەبىئەت مۇزېيىغا يۆتكەپ كېتىلگەن؛ 1903 - يىلى ياپونىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى ئوتانى بۇ ئىبادەتخانا خارابىلىكىگە كېلىپ، سازچى ۋە ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئوبرازى سىزىلغان شارىرا قۇتىسى، نۇرغۇن قول يازما ۋە باشقا قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى تېپىپ ياپونىيەگە ئەكەتكەن؛ 1907 - يىلى فىرانسىيەلىك شەرقشۇناس پېللىئوت بۇ خارابىلىكتىن براھما يېزىقىدىكى قول يازما، تارشا پۈتۈك، ياغاچ ئويما، مۆھۈر - تامغا ۋە قەدىمكى پۇل قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئەكەتكەن؛ 1928 - ۋە 1958 - يىللىرى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى بۇ ئىبادەتخانىدىكى قىسمەن ئىمارەت ئىزلىرىنى قازغاندا، بۇ خارابىلىكتىن ساپال قاچا پارچىلىرى، تاش بۇت، مىس، تۆمۈر ئەسۋاب، يىپەك، سايمان - جابدۇق، نوم پارچىلىرىنى تاپقان.

1978 - يىلى 11 - ئايدا كۇچا ناھىيەلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى غەربىي ئىبادەتخانا ئوتتۇرا قىسىم مۇنار ئۇلىنىڭ غەربىي - شىمال قىسمىدىن قۇتقۇزۇش يۈزىسىدىن بىر قەبرىنى قېزىپ، رەڭلىك جەسەت ساندۇقى، بېجىرىم ساقلانغان جەسەت ۋە دەپنە بۇيۇملارنى تاپقان. بۇلار ھازىر كۇچا ناھىيەلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلانماقتا. 1985 - يىلى شەرقىي ئىبادەتخانىنىڭ تاغ قىياسىدىكى ئۆڭكۈرىدىن ۋېي - جىن دەۋرىدە قويۇلغان بىر مىس دۇمباق تېپىلغان، ھازىر كۇچا ناھىيەلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلانماقتا. گوۋۇيۈەن 1996 - يىلى 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بۇ ئورۇننى «دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى» قىلىپ بېكىتكەن.

(داۋامى بار)

ئاپتورى كۇچا ناھىيەلىك «قوش تىل» ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيەلەش مەركىزىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يىگىت ئېيتار: سىزنى چوقۇم بەختلىك قىلىمەن.
قىز ئېيتار: سىزگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولىمەن.



شاھانە بېزەلگەن 60 خادىك ناھىيە بازىرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، كىشىلەرگە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ نۇرىنى چاچتى.



مەسھۇر... ھەبەرلەر تويى بولغان ياشلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



چىرايىدا كۈلكە، كۆڭۈللەر بەك شاد، ئەتلەس ماكانى ئىناق ۋە ئاۋات.



ئەتلەس مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىش.



ئەجدىھا ئۇسسۇلى خەنزۇ مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرىنى نامايان قىلدى.



ناھىيە خەلقىنىڭ 100 جۈپ ياشقا تەييارلىغان توي سوۋغىسى.



# «ئەتلەس يۇرتى»دا كوللېكتىپ توي

ئۆركەش جاپپار

2015 - يىلى 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى لوپ ناھىيەسىدە قۇياش پارلاپ تۇرغان، ھاۋا ئوچۇق بىر كۈن بولدى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە بامدات نامىزىدىن ياندىن مولالار ناھىيەلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىگە كېلىپ، 70 نەچچە جۈپ يىگىت - قىزغا بىرمۇبىر نىكاھ ئوقۇپ چىقتى. بۇ، لوپ ناھىيەسى تەشكىللىگەن، ھەر مىللەتتىن بولغان 100 جۈپ ياش ئۇچۇن ئۆتكۈزۈلگەن «ئەتلەس يۇرتىدا كوللېكتىپ توي» نامىدىكى توي مۇراسىمىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى.

كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندە رەڭدار ئەتلەسلەر، چىرايلىق گۈللەر بىلەن بېزەلگەن خادىك ھارۋىلارغا ئولتۇ-


نىكاھتىكى تۇزلۇق ناننى يېگەنلىك تۇرمۇشنى تۇز تەمى بىلەن باشلىغانلىق.


100 جۈپ ياشنىڭ تۇرۇق - تۇغقان، بۇرادەرلىرى توي شادلىقىغا تۇرتاقلاشتى.


نازىگۇللەر نازاكەتتە، توي باراۋەتتە.



رۇشقان يىگىت - قىزلار ناغرا، سۇنايلاردىن چىقىۋاتقان توي نەغمىسىگە جور بولۇپ، كوللېكتىپ توي ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان ئورۇن — لوپ ناھىيەلىك «خەلق مەيدانى»غا يول ئالدى. ئىككى كىلومېتىرغا سوزۇلغان ئاسفالت يولدا ئويناق ئارغىماقلار سۆرەپ كېلىۋاتقان 60 خادىك ھارۋا يىلاندەك سوزۇلۇپ، ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلدى. مەيدانغا يېقىن كەلگەندە، رەت - رېتى بىلەن سەپ تۈزۈشكەن ساما ئۇسسۇلى ئەترىتى، شىر ئۇسسۇلى ئەترىتى ۋە ئەجدىھا ئۇسسۇلى ئەترىتى لەرزان، جۇشقۇن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، 100 جۈپ ياشنىڭ قۇتلۇق تويىنى تەبرىكلىدى. كاستۇم - بۇرۇلكا ۋە توي كۆڭلەكلىرىنى كىيىشىپ، چىرايلىق ياسانغان يىگىت - قىزلار قولداشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا شاھانە بېزەلگەن «خەلق مەيدانى»غا كىرىپ كەلدى.

چاشكا ۋاقتى بىلەن رىياسەتچى كوللېكتىپ توي مۇراسىمىنىڭ «مېھىر - مۇھەببەت ئۈچۈن قول تۇتۇشۇپ، رىشتىمىزنى لوپقا باغلايلى» تېمىسىدىكى تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. داقا - دۈمباق، ناغرا - سۇنايلار چېلىنىپ، پوجاڭزىلار ئېتىلدى، ئۇنمىڭغا يېقىن ئادەم بىلەن تولغان مەيدان قايнام - تاشقىنلىق كەيپىياتقا چۆمدى. لوپ ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ يۇجۈن تەبرىك سۆزى قىلىپ، بۇ تويىنىڭ ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىنى توسۇش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋېرسىتېتى تارىخىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان تۇنجى رەئىسى بولۇپ سايلاندىم ھەم شۇ يىلى بۇ مەكتەپتىكى «شۆخەي» ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 10 ئوقۇغۇچىنىڭ بىرىسى بولدۇم؛ 2012 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى تەرىپىدىن شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنىڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىلىرى ۋەكىلى بولۇپ تاللىنىپ، مائارىپ مىنىستىرلىقى مىللەتلەر مائارىپى مەھكىمىسى ئۇيۇشتۇرغان ج ك پ 18 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش لېكسىيە ئۆمىكى تەركىبىدە بېيجىڭ شەھىرىدىكى 10 مەكتەپتىكى، 2014 - يىلى سېنتەبىردە جياڭشى، فۇجيەن ئۆلكىلىرىدىكى 16 مەكتەپتىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا لېكسىيە سۆزلىدىم. 2013 - يىلى مەكتەپنىڭ پەن - تېخنىكا ئىلمىي ماقالىسى دوكلات يىغىنىدا ئوقۇغان ئىلمىي ماقالەم 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ 2013 - يىلى دېكابىردا مەن يازغان بىر پارچە ئىلمىي ماقالە خۇبېي ئۆلكىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن قانۇن ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنىدا مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلەرنى باھالاش بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئۆزۈمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىن شۇنداق خۇلاسە چىقاردىمكى، شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار تەستە قولغا كەلگەن ئوقۇش پۇرسەتلىرىنى قەدىرلەپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشسەك، ھەم ئاتا - ئانىمىزنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىغان، ھەم ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ بىز ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەللىرىگە مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرگەن بولىمىز؛ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بىزگە مۇشۇنداق ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەرگىنىگە مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرگەن بولىمىز؛ بىز شۇنداق قىلالىغىنىمىزدىلا، ئاندىن بۇرچىمىزنى ئۇنتۇمىغان، مەسئۇلىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلغان بولىمىز. كەلگۈسىدە يۇرتىمىزدىكى خەلق ئاممىسى ئىشىنىدىغان، ئىشلىتەلەيدىغان، تۇتۇپ قالىدىغان، تايىنالايدىغان ئىختىساسلىق خادىملاردىن بولۇپ چىقالايمىز.



## «مىننەتدار بولۇشنى ئۆگىنەيلى»

نۇربىيەم ئابدۇرېشىت، يېڭىساردىن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى شىامېن چەت ئەل تىللىرى مەكتىپىنىڭ شىنجاڭ سىنىپىدا ئوقۇغان، خۇبېي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىنى پۈتكۈزگەن. ھازىر ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات - تارقىتىش كەسپىدە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇماقتا.

نۇربىيەم ئوقۇش - ئۆگىنىش ھاياتى ھەققىدە مۇنۇلارنى بايان قىلدى: دادام بۇرۇندىنلا ئاغرىقچان ئىدى، ئائىلىمىزنىڭ كۆپرەك ئىشى ئانامغا يۈكلىنىپ قالغان بولسىمۇ، داۋاملىق ئوقۇشۇمنى قوللاپ كەلدى. ئاتا - ئانامنىڭ ئەجرىگە يۈز كېلەلمەي قالماي دېگەننى ئويلاپ، ھەرقانچە قىيىنچىلىق تارتساممۇ، بەل قويۇۋەتمەي تىرىشتىم. ئىچكىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نەزىرىدىكى «شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسى ئاجىز بولغاچقا، نەتىجىسىنىڭ ناچار بولۇشى نورمال ئىش» دەپ قارايدىغان قاراشنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىزچىل تىرىشىپ كەلدىم.

راست گەپنى قىلغاندا، بۇ يەردە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشتىكى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىقى تاماق مەسىلىسىدۇر. مەنمۇ تاماق سەۋەبىدىن ئاشقازان يارىسى بولۇپ قېلىپ ئىككى قېتىم بەكلا ئاغرىدىم، ئېغىر قىزىتما بولۇپ، ياتاقتا مىدىرلىماي ئىككى كۈن يالغۇز يېتىپ كەتتىم... ئاشۇنداق چاغلاردا كىممۇ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ مېھرىنى، ئانىسىنىڭ ئىسسىق باغرىنى سېغىنمايدۇ دەيسىز؟... ئەمما، يولۇققان قىيىنچىلىقلارنى دەپ يۇرتقا قايتىپ كېتىشكە ئىرادەم يول قويمايتتى. شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىش، بىزدىن كېيىن كەلگەن بالىلارغا ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن ئۈزۈكسىز تىرىشتىم. ھەتتا مەندىن بۇرۇن بۇ مەكتەپكە

كېلىپ ئوقۇغان شىنجاڭلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەنلەرنىڭ يوقلۇقىنى ئاڭلىغان چېغىمدىمۇ ئىرادەم بوشاشمىدى، ئاخىر 2014 ـ يىلى ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۇم.

شىيامېندا شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدا ئوقۇغان چاغلىرىمنى ئالىي مەكتەپ ھاياتىمغا سېلىشتۇرغاندا تۇرمۇشتا ھېچقانداق قىيىنچىلىق تارتمىغان چاغلىرىم ئىكەن. چۈنكى، ياتاق، تاماقلىرىمىز شۇنچىلىك ياخشى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەر تەرەپتىن كۆڭۈل بۆلۈشىمۇ يېتەرلىك بولغاچقا، ئائىلىدىن ئايرىلغان بولساممۇ، يالغۇزلۇق ھېس قىلمىغانىدىم.

يېقىندىن بۇيان بەزى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا ئەۋەتىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. مېنىڭچە، بىر بالىنىڭ ئۆز مىللىتىنى، ئۆزىنىڭ تىلىنى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئۇنتۇپ قېلىش ـ قالماسلىقى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئىچكىرىدە ئوقۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ كىچىكىدىن ئائىلىسىدە ئالغان تەربىيەسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا كىچىكىدىن باشلاپ بۇ جەھەتتىكى تەربىيەنى ئەتراپلىق بەرمەيدىكەن، ئۇ بالا شىنجاڭدا ئوقۇغان تەقدىردىمۇ، ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەنمۇ كىچىكىمدىن باشلاپ خەنزۇ تىلىدا ئوقۇغان، ئەمما ئانام ئۆيدە «ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى»دىن ساۋاتىمنى چىقارغان، بىز ئائىلە مۇھىتىدا ئاتا ـ ئانىمىز ئۇيغۇرچە سۆزلىشىش ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزنى ئۆگىتىشنى ئۇنتۇمىغاچقا، ئۆزىمىزنىڭ ھەر قانداق سورۇنلىرىدا ئانا تىلىمىزدا راۋان سۆزلەپ، ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس مىجەز ـ خۇلقلىرىم بىلەن يۇرۇۋاتىمەن.

مېنىڭچە، «ئىچكىرىدە ئوقۇغانلاردا ئۆزگىرىش بولدى» دېسەك، ئۇ پەقەت ئىدىيەمىزدە بولغان ئۆزگىرىشتۇر، يەنى بىزنىڭ مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەمىزدە، مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق كۆزىتىشىمىزدە، نەزەر دائىرىمىزنىڭ كېڭىيىشىدە، مەسىلىنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرى بىلەن ۋە سەلبىي تەرەپلىرىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈشىمىزدە، يولۇققان ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەي، ئۇنى يېڭىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىزدە ئۆزگىرىش بولدى.

قىسقىسى، ئىچكىرىدە ئوقۇغان بۇ 10 يىلدا مەن ئېرىشكەن كىچىككىنە غەمخورلۇقلاردىنمۇ سۆيۈنۈشنى، مىننەتدار بولۇشنى ۋە ئۇلارنى قانداق سۆيۈشنى ئۆگەندىم؛ نېمىنىڭ يۇرت مۇھەببىتى، نېمىنىڭ ۋەتەن مۇھەببىتى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. تارتقان جاپالىرىم بىلەن ئېرىشكەنلىرىمنى سېلىشتۇرسام، ئەلۋەتتە، ئېرىشكەنلىرىمنىڭ كۆپلۈكى مېنى خۇشال قىلىدۇ.



## «ئاتا ـ ئانىمىز بىزگە قانات بولماي، قانات چىقىرىشىمىزغا پۇرسەت بېرىشى كېرەك»

**ئىلھامجان قاۋۇل، غۇلجىدىن، كومپارتىيە ئەزاسى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى دالىيەن شەھەرلىك 20 ـ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ شىنجاڭ سىنىپىدا ئوقۇغان، جۇڭگو سىياسىي ـ قانۇن پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن كەسپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، جۇڭگو گېئولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە مەمۇرىي قانۇن كەسپىدە ئاسپىرانتلىقنى ئوقۇغان. ھازىر خۇبېي ئۆلكىلىك مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىدا ئىشلىمەكتە.**

مەن ئۆيدىن ئايرىلىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە يۈرگىلى 14 يىل بولدى. ھازىر ئىچكىرىدە ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىقلار كۆپ بولسىمۇ، بۇ يەردە قېلىپ ئىشلەيدىغان ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ ھۆكۈمەت ئورنىدا ئىشلەيدىغان ئۇيغۇرلار كۆپ ئەمەس. ئەسلىدە مەنمۇ يۇرتقا قايتىپ ئوقۇتقۇچى بولۇشنى ئويلىغانىدىم، شىنجاڭدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىدىنمۇ، شىنجاڭنىڭ مەمۇرلۇق ئىمتىھانىدىنمۇ ئۆتكەنىدىم. مېنىڭ خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ مەمۇرلۇق ئىمتىھانىغا (مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، 2012 ـ يىلىدىن باشلاپ خۇبېي ئۆلكىسى يىلدا بۇ يەردىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتكۈزگەن شىنجاڭلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى

www.uyghurkitap.com



نىشانلىق قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا خىزمەتكە ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىپ، تېخىمۇ كۆپ شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ خوبېي ئۆلكىسىدە خىزمەت قىلىشىغا ئىلھام بەرگەن) ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ مەمۇرلۇق ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىش يۈزىسىدىنلا قاتناشقانىدىم، ئاخىرىدا كۆپ ئويلىشىش ئارقىلىق، ھازىرقى خىزمەت ئورنىنى تاللىدىم. ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇش - بىلىشلەردىن نۇرغۇنلىرى مېنىڭ بۇ تاللىشىمدىن ھەيران قېلىشتى، ھەتتا نەسىھەت قىلىپ، مېنى بۇ نىيىتىمدىن ياندۇرماقچى بولۇشتى. بۇنى كۆرۈپ ئۆزۈممۇ سەل دېلىغۇل بولدۇم، تاللاشتا دۇچ كەلدىم: تاماقنى، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى، ئويۇن - تاماشىنى دېسەم شىنجاڭغا قايتقىنىم ياخشى ئىدى. ئەمما كەسپىمنى، ئىستىقبالىمنى ئويلىسام، بۇ يەردە ئۆزۈمنى چېنىقتۇرىدىغان پۇرسەتلەر كۆپ. چۈنكى، ئادەم دۇنيادا تاماق يېيىش ئۈچۈنلا ياشىمايدۇ، بەلكى ياشاش ئۈچۈن تاماق يەيدۇ. ئاخىرىدا بۇ يەردىكى تەرەققىيات پۇرسىتىنىڭ تېخىمۇ كەڭلىكىنى ئويلاپ، ئۆز قارارىمنى ئۆزگەرتمىدىم.

تۇرۇۋاتقان ئورنۇم بىلەن ئىدارىنىڭ ئارىلىقى يىراق بولۇپ، كوچا ئاپتوبۇسىدا بىر سائەتلىك يول. ئەتراپتا مۇسۇلمانچە ئاشخانىلار بولمىغاچقا، تاماقتىنمۇ بەك قىينالدىم، ئەمما ۋايسىمىدىم. بىر يىلدىن كېيىن ئىدارىنىڭ يېنىدىن ئۆي ئالدىم، تاماقنىمۇ ئۆزۈم ئېتىپ يەيدىغان بولدۇم. خىزمەتكە چۈشكەن دەسلەپكى چاغلاردا ماتېرىيال يېزىشتا قىينالدىم، ئەمما ھەرگىزمۇ «مەن ئۇيغۇر تۇرسام، قانداقمۇ ئۇلاردەك يازالايمەن؟» دەپ بوشاڭلىق قىلمىدىم، ئىلگىرى يېزىلغان ماتېرىياللارنى ئوقۇدۇم، باشقىلاردىن سورىدىم؛ شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى كۇتۇپخانىلارغا بېرىپ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆردۈم، بارا - بارا بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى يەڭدىم. ئىدارە رەھبەرلىكىمۇ ماڭا كۆڭۈل بۆلدى، مېنى ئارقا - ئارقىدىن ئىككى قېتىم بېيجىڭغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن كەسپتە تېز ئىلگىرىلىدىم. ھازىر ئىدارە باشلىقىنىڭ ھەرقانداق دوكلات سۆزىنىڭ تۇنجى نۇسخىسىنى مەن يېزىپ تەييارلايمەن.

ئىچكىرىدىكى تۇرمۇش ماڭا مۇستەقىل ياشاشنى، مۇستەقىل پىكىر قىلىشنى، ئۆز تەقدىرىم ھەققىدە ئۆزۈمنىڭ قارار چىقىرىشىمنى ئۆگەتتى. بىز ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز، يۇرتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە، چەت ئەللەرگە بېرىپ بىلىم ئېگىلەپ، ئىلغار ئىلىم - پەن بىلىملىرى بىلەن ئۆزىمىزنى قوراللاندۇرساق، كەلگۈسىدە يۇرتىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تۆھپە قوشالايمىز ئەمەسمۇ.

شىنجاڭنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، تەرەققىيات جەھەتتە كۆرۈنەرلىك پەرق بار. بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز، ئاڭلايدىغىنىمىز كۆپەيگەنسېرى، مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەمىزمۇ، مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىشىمىزمۇ مۇقەررەر ئۆزگىرىدىكەن. ئاتا - ئانىلار باللىرىنى ياخشى تەربىيەلەيمىز، دەيدىكەن، ئۇلارغا قانات بولۇپ بەرمەي، بەلكى ئۇلارنىڭ قانات چىقىرىپ ئۇچۇشىغا پۇرسەت بېرىشى كېرەك.

مېنىڭ دەيدىغىنىم، تېخىمۇ كۆپ شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار شىنجاڭدىن ئاتلاپ چىقىشقا، مۇھىمى ئىدىيەمىزنى ئازاد قىلىپ، يىراق ئىچكىرى ئۆلكىلەردە خىزمەت قىلىپ، ئىگىلىك تىكلەپ، تەرەققىي قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىمىز، ئۆزىمىزگە ئىشىنىشىمىز كېرەك.



## «بىلىم ئېلىش، ئوقۇش — خىزمەت تېپىش ئۈچۈنلا ئەمەس»

سەنەۋەر تاشمۇھەممەت، غۇلجىدىن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى گۇاڭدۇڭ گۇاڭجيا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ شىنجاڭ سىنىپىدا ئوقۇغان، داليەن تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى كەسپىنى پۈتكۈزگەن، ھازىر ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى كەسپىدە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇماقتا.

مەن باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى غۇلجىدا ئانا تىلىمدا ئوقۇدۇم. ئۇ ۋاقىتتا ئۆگىنىش نەتى-

جەم خېلى يۇقىرى بولسىمۇ، يېڭى سىنىپتا نەتىجەمنىڭ يەنە ئارقىدا تۇرىدىغانلىقىنى، مەندىنمۇ ياخشى ئوقۇيدىغان بالىلارنىڭ كۆپلۈكىنى ھېس قىلىپ، زور بېسىمغا دۇچ كەلدىم. ئۇ چاغلاردا ئۆيدىن يېڭى ئايرىلغان، يېشىمىزمۇ كىچىك بولغاچقا، خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئۆيىنى، ئاتا ـ ئانىمىزنى سېغىندۇق. ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ بىزنى ئوقۇتىمەن دەپ تارتقان جاپالىرىنى ئويلاپ، ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش ئۈچۈن، سېغىنىشنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، يەنە تىرىشىپ ئۆگەندۇق. ئۇ چاغلاردا كاللىمىزمۇ ئاددىي ئىدى، ياخشى ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنساق، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن بالدۇرراق خىزمەتكە چىقىپ، ئاتا ـ ئانامنىڭ قېشىغا قايتساق، دەپ ئويلايتتۇق... ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن غۇلجىغا قايتىپ خىزمەت ئىزدىدىم، ئەمما ئىشلار مەن ئويلىغاندەك بولمىدى. ھەر خىل ئىككىلىنىشلەر ئىچىدە ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بەردىم. ئەلۋەتتە، بۇ چاغدا ئاتا ـ ئاناممۇ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇشۇمنى ئويلىمىغان، دوستلىرىممۇ داۋاملىق ئوقۇشۇمنى ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى. «قىز بالىغا تۇرمۇش ئەڭ مۇھىم، بالدۇرراق بىرسىنىڭ پېشىنى تۇتقىنى ياخشى» دېيىشتى. بىزدىكى ئىدىيە تۈپتىن پەرقلىنەتتى. شۇ چاغدا مەن ئىككى جايدىكىلەرنىڭ كاللىسىنىڭ، ئىدىيەسىدىكى پەرقنىڭ ئەمەلىيەتتە مائارىپتىكى پەرق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. كېيىن، ئاسپىرانتلىققا ئۆتۈپ، ئوقۇتۇش ۋە باشقا جەھەتلەردە مەملىكىتىمىزدە خېلى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش جەريانىدا تۇيۇقسىز ئىدىيەمدە زور ئۆزگىرىش بولدى. ئۆزۈم «ئىنتايىن مۇھىم» دەپ ئويلاپ يۈرگەن خىزمەت مەسىلىسى ئەمدى ئۇنچە مۇھىم تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالدى. بىز بۇ ئوقۇش جەريانىدا ئۆز كەسپىمىزنى ئۆگەنگەندىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى، كاللىمىزنى ئىسلاھ قىلىدىكەنمىز. بۇ، كېيىنكى كۈنلەردە نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشىمىز، پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيەلىشىمىز، ئەۋلادلارغا قانداق يول كۆرسىتىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينايدىكەن.

مەن غۇلجىغا قايتقاندا ئامبۇلاتورىيەدە ئىشلەپ باققان. ئۇ يەرنىڭ داۋالاش شارائىتى ۋە سەۋىيەسى، بىمارلارنىڭ داۋالىنىشتا كۆپ قىيىنچىلىققا ئۇچرايدىغانلىقى، كۆپ ئوقۇمىغانلىق سەۋەبىدىن كۆپىنچە كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغدىيالمىغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. شۇڭا، مائارىپى تەرەققىي قىلغان جايدا ئوقۇغانلىقىمدىن تولىمۇ سۆيۈنىمەن... كېيىن يۇرتۇمغا قايتىپ، شۇ يەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەمەلىي كۈچ قوشالايدىغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن.

ئەلۋەتتە، بۇ يىللاردا نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قالدىم، نۇرغۇن ھېيت ـ بايراملارنى ئۆزگە يۇرتتا ئۆتكۈزۈپ، ئۆيگە مېھماندەك بېرىپ قايتىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ خىل ھېسسىياتلىرىمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. 2013 ـ يىلى ئۆيگە قايتىشىم ھېيتقا توغرا كېلىپ قالدى. 10 يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ھېيتنى ئۆيۈمدە، ئاتا ـ ئانام، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولغاچقا، تولىمۇ ھاياجانلاندىم، كېچىچە ھاياجانلىق ئىلكىدە كىرپىكمۇ قاقمىدىم. ئەپسۇس، ھېيت كۈنى مەن 10 يىل ئىلگىرىكى ھېيتلىق تاتلىق ھېسلارنى، ھېيتتىكى ئۇنتۇلماس تۇيغۇلارنى قايتا تاپالمىدىم... دېمەك، بۇ نەرسىلەرنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىكەن. ئەمما، بۇنىڭغا يىغلاپ ئولتۇرىدىغان، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا مىشىلدايدىغان ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتتى. بۇ يىللار بىزگە چىدامىلىق بولۇشنى، قەيسەر ياشاشنى ئۆگەتتى، بىزنى تاۋلىدى. بىزگە مەسىلىگە يولۇققاندا يىغلاپ ـ قاقشاپ ئولتۇرماي، تىرىشىپ ھەل قىلىشنى ئۆگەتتى. ئادەم بەزى نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن، بەزى نەرسىلەردىن ۋاز كەچمەي بولمايدىكەن. قۇربانلىق بەرمەي ئېرىشىشنى ئويلاش قۇرۇق خىيال، خالاس. قارىماققا مېھىر ـ مۇھەببەت سۇسلاپ كەتكەندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، قەلب تېگىدىكى مېھىر چوڭقۇرلاپ كېتىدىكەن... پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ، ئاتا ـ ئانامنى يېتەلمىگەن ئارزۇلىرىغا يەتكۈزۈشنى ئويلىسام، تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىمەن. تىرىشساملا قىلالايدىغانلىقىمغا، ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن.

مېنىڭچە، بىلىم ئېلىش، ئوقۇش ــــ خىزمەت تېپىش ئۈچۈنلا ئەمەس ئىكەن، ئۇنداق ئويلاش توغرا ئەمەس. ئوقۇش جەريانىدا بىز نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىمىز، يول تېپىشنى، قانداق مېڭىشنى، مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىشنى ئۆگىنىمىز. بۇ، بىزنىڭ ياشىشىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم قوراللاردۇر. ئەۋلاد تەربىيەلەيدىغان قىزلار تېخىمۇ ئوقۇشى كېرەك.



## «ئۆزىمىزنى ئىپادىلەشكە ماھىر بولايلى، ئۆزىمىزگە ئىشىنەيلى»

ئادىلە سۇلتان، مايتاغدىن، ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى كلىنىكىلىق داۋالاش كەسپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭنەن دوختۇرخانىسىنىڭ ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلىنغان.

مەن باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئىزچىل ھالدا سىنىپتىكىلەرنىڭ ئالدى بولۇپ ئوقۇغانىدىم، ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتىغا كەلگەندىن كېيىن دەرسلەر ھەقىقەتەن تەس كەلدى. دەرسلىك پۈتۈنلەي خەنزۇچە بولغاننى ئاز دېگەندەك، بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يەرلىك شېۋىلەر ئارىلاشقان سۆزلىرىنى پەقەتلا چۈشەنمەيتتىم، بەزىدە بىر قېتىملىق دەرستە يۈز بەتلىك نەرسە سۆزلىنىپ بولاتتى. شۇڭا، كەسپتىكى تۇنجى يىلى ئۆزۈمنى ئەرزىمەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، قاتتىق چۈشكۈنلەشتىم.

شۇ چاغدا ياتاقداشلىرىم، ساۋاقداشلىرىم ماڭا ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈپ، روھىي جەھەتتىن ئىلھام بەردى. كۆپ ئىككىلىنىش، ئويلىنىش ئارقىلىق، ئاخىر ئۆزۈمگە «باشقىلار قىلالىغاننى مەن نېمىشقا قىلالمايمەن؟» دېگەن سوئالنى قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى مەۋسۇمدىن باشلاپ ئالاھىدە تىرىشتىم، 60 ياكى 70 نومۇر ئېلىپ ئىمتىھاندىن ئۆتۈش بىلەنلا قانائەت قىلمىدىم؛ باشقىلار ئىككى سائەت ئۆگەنسە، مەن بەش سائەت ئۆگەندىم، دەم ئېلىش كۈنلىرى تۇرماق ئادەتتىكى چۈشلۈك، كەچلىك دەم ئېلىشلىرىممۇ كۇتۇپخانىلاردا ئۆتتى. «تىرىشقان ئوزار» دېگەن گەپنىڭ توغرىلىقىنى شۇ چاغدا بىلدىم، نەتىجىلىرىممۇ بارغانسېرى ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى. ئىككىنچى يىللىقتا چىققاندا، نەتىجىلىرىممۇ ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ، 300 بالىنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى 30 نىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتىم!

ئۈچىنچى يىللىقتا چىققاندا ئىنگلىزچىنى ئۆزلۈكىمدىن ئۆگىنىپ، 4 - دەرىجە ئىمتىھانىدىن ئۆتكىنىمدە، ساۋاقداشلىرىممۇ ھەيران قالدى ھەم ئاپىرىن ئوقۇدى، چۈنكى كىچىكىدىن باشلاپ ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەنگەن تۇرۇقلۇق ئوقۇش پۈتكۈزگۈچە ئىنگلىزچە دەرىجە ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەن ساۋاقداشلارمۇ خېلى بار ئىدى... يەتتە يىللىق ئوقۇش ئەمەلىيىتىمدىن بىلدىمكى، «تاما - تاما كۆل بولار» دېگەندەك، تىرىشچانلىقىمىز بىلەن ئېرىشكەن ھەر بىر كىچىك نەتىجىلىرىمىزنىڭ جۇغلىنىشى بىلەن، ئاخىر ئۆزىمىزمۇ ئويلىمىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشىدىكەنمىز. مۇۋەپپەقىيەت ھەرگىزمۇ بىردەملىك ياكى بىر كېچىلىك تىرىشچانلىقتىن كەلمەيدىكەن، تىرىشچانلىقتا چىدامچانلىق، ئىزچىللىق قوشۇلغاندا، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىكەنمىز.

ھەرقانداق پەرزەنت ئۆزىنىڭ تىرىشچان ئاتا - ئانىسىدىن، ئۆگىنىش مۇھىتى قويۇق ئائىلىسىدىن ئىلھام ئالىدۇ، دەپ ئويلايمەن، قىز بالا كەلگۈسىدە كىچىك جەھەتتىن پەرزەنتىنىڭ ئانىسى بولسا، چوڭ جەھەتتىن مىللەتنىڭ ئانىسى. شۇڭا، مەن ئۆزۈم ئۈچۈنلا ئەمەس، كەلگۈسى پەرزەنتىم ئۈچۈن مۇشۇنداق تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىمەن.

ئادەم ئۆگىنىشتە خىجىل بولماسلىقى، جاسارەتلىك بولۇشى، ئۆزىنى ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلىشى ۋە ماھىر بولۇشى كېرەك. 2012 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كلىنىكىلىق ئەمەلىي ماھارەت مۇسابىقىسىدە ئالدىنقى ئۈچىنىڭ ئىچىگە كىرىشتەك (خۇبېي ئۆلكىسى بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن) ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتىم. شۇ قېتىملىق مۇسابىقىگە قاتناشقان بىردىنبىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بولسامۇ، ئۆز - ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچ مەندىكى بارلىق ئەندىشىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەن مەكتەپنىڭ ۋە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتىم. 2012 - يىلى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەشكىللىشىدە پىدائىي بولۇپ ئۈرۈمچى ناھىيەسىنىڭ ئېقىندالا يېزىلىق دوختۇرخا-

نىسىدا بىر يىل ئىشلىدىم. نەتىجەم يالغۇز مېنىڭلا شەرىپىم بولۇپ قالماي، ۋۇخەندە ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ شەرىپى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ ھەر بىر قەدىمىمىز، سۆزىمىز، نەتىجىمىز شىنجاڭلىقلارغا، مىللىتىمىزگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئاسپىرانتلىقنى پۈتكۈزۈپ، شىنجاڭغا قايتىپ بىر قانچە يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، پۇرسەت بولسا چەت ئەللەرگە چىقىپ تېخىمۇ ئىلغار تېخنىكىلارنى ئۆگىنىپ كېلىپ، يۇرتىمىزدىكى ئانىلىرىمىزنىڭ، ئاچا-سىڭىللىرىمىزنىڭ، جۈملىدىن بارلىق ئايال قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كېسەل ئازابىنى يېنىكلىتىش جەھەتتە چوڭراق تۆھپىلەرنى قوشسام، دېگەن ئارزۇيۇم بار.



## «چوقۇم دوكتورلۇقتا ئوقۇيمەن»

رۇقىيە ھەسەن، گۇما ناھىيەسىدىن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنخۇا شەھىرى تاڭشى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ شىنجاڭ سىنىپىدا ئوقۇغان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسەت ۋە مەمۇرىيەت ئىلمىنى پۈتكۈزگەن، ھازىر ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسەت ۋە ئاممىۋى باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىدا ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇماقتا.

ئەينى يىلى ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا بارغىنىمدا، مەنمۇ تەڭتۇشلىرىمدەك 15 ـ 16 ياشلاردا ئىدىم، شارائىتى ياخشى مۇنداق مەكتەپلەردە ئوقۇپ قېلىش ھېچقايسىمىزنىڭ ئۇخلاپ چۈشىمىزگىمۇ كىرمىگەن بولغاچقا، بۇ ھەممىمىزنىڭ ھاياتىدىكى چوڭ بىر بۇرۇلۇش بولدى.

دەسلەپتە ھەقىقەتەن ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسىغا كۆنۈش، ئاتا ـ ئانىمىزنى سېغىنىش قاتارلىقلارنى يېڭىش بىز ئۈچۈن ئەڭ زور قىيىنچىلىق ئىدى. بۇ قىيىنچىلىق بىزدە ئۆزىمىزگە تايىنىپ ياشاش ئىقتىدارىمىزنىڭ باشقىلاردىن بۇرۇنراق يېتىلىشىگە تۈرتكە بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، تىل مەسىلىسىمۇ بىزنى خېلى قىينىدى. بەزى ساۋاقداشلىرىمىز ھەتتا بىر ـ ئىككى ئايغىچە مۇئەللىمنىڭ نېمە سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلمەي قالدى. شۇ كۈنلەردە ھەممىمىزنىڭ قولىدىن لۇغەت چۈشمەيتتى. كېچە ـ كېچىلەپ ئۆگىنىش، ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن يېتەكلىشى نەتىجىسىدە، تېزلا تىل ئۆتكىلىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ كەتتۇق، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈش ئىمتىھانىدا ھەممىمىز خېلى يۇقىرى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، سىنىپنىڭ ئالدى بولۇپ ئوقۇغانلار شاڭخەي فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوخشاش داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتتى. مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ: ئالىي مەكتەپنى بولسىمۇ بىزگە نىسبەتەن يېقىنراق يەردە ئوقۇڭ، دېگەن پىكرى بويىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاللىدىم. مەن بىلەن يەنە بىر ساۋاقدىشىم خەنزۇچە ئوقۇغان مىللىيلار قاتارىدا خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىر سىنىپقا تەقسىم قىلىندۇق. شۇنداقتىمۇ، سىنىپتا ئالدىنقى بەشنىڭ ئىچىدە ئوقۇدۇم، ئىنگلىز تىلىدا نەتىجەم ئىزچىل سىنىپ بويىچە 1 ـ بولدى. خەنزۇ ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىللە ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئەڭ يۇقىرى نومۇر بىلەن ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتتۇم.

ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن نورمال ئىش بولسىمۇ، بىز ئۈچۈن ئەتراپىڭدىكىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش تەسكە چۈشىدىكەن. ئاتا ـ ئانامغۇ ئىرىشچانلىقىمنى، يۇقىرى نەتىجە بىلەن ئۆتكەنلىكىمنى كۆرۈپ، ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇشۇمغا قوشۇلدى. ئەمما، ھازىرغىچە دوستلىرىم نېمىشقا مۇنچە ئۇزاق ئوقۇيدىغانلىقىمنى، مۇنداق ئوقۇۋەرسەم كېيىنكى تۇرمۇش ئىشلىرىمغا تەسىر يېتىدىغانلىقىنى، يېشىمنىڭ چوڭىيىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ سۆزىمۇ توغرا بولۇشى مۇمكىن، ئەمما، بىرنەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، چوقۇم بەدەل تۆلىمەي بولمايدىكەن. مۇنداق كۆپ ئوقۇپ، «كېيىن ئۇلاردىن ياخشى خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەيمەن ياكى ئۇلاردىن ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشىمەن» دېيەلمەيمەن، ئەمما مېنىڭ قىممەت قارىشىم، دۇنيا قارىشىم ئۆزگەردى، نەزەر دائىرەم كېڭەيدى. مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى، قانداق تونۇشنى ئۆگەندىم. بۇ، مەنىلىك ياشىشىمدىكى زور بايلىقىم ھېسابلىنىدۇ. ئاسپىـ

www.uyghurkitap.com



رانتلىقنى پۈتكۈزسەم، ئاتا - ئانامنىڭ ئارزۇسى بويىچە مەمۇرلۇق ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئالدى بىلەن خىزمەت ئىزدەيمەن، ئاتا - ئانامنى خاتىرجەم قىلىپ، شارائىت يار بەرگەندە چوقۇم ئارزۇيۇم بويىچە دوكتورلۇقتا ئوقۇيمەن.

## هاياتلىق گۈلۈڭلار تېخىمۇ پورەكلەپ ئېچىلسۇن

«... ئۇزاق يىل قۇدۇقتا ياشاپ، ‹ئاسمان قۇدۇقنىڭ ئېغىزىچىلىكلا چوڭلۇقتا› دەپ ئويلاپ يۈرگەن پاقا قۇدۇق بېشىغا سۇ ئىچكىلى كەلگەن قۇشنىڭ ‹بەك يىراق جايدىن ئۇچۇپ كەلدىم› دېگەن سۆزىگە پەقەتلا ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى، پاقا ئۆمۈر بويى قۇدۇقتىن چىقىپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ دۇنيانىڭ شۇنچە چوڭلۇقىغا ئىشىنىشى ياكى دۇنيانى شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى» ... بىز بۇ ماقالىنى يېزىش جەريانىدا كىچىكىمىزدە ئاڭلىغان «قۇدۇقتىكى پاقا» دېگەن چۆچەكنى ئەسلەپ قالدۇق.

ۋۇخەن شەھىرىدە ئوقۇۋاتقان، ئىشلەۋاتقان مەمەتئەلى ئەيسا، ئۆمەرئەلى ئەمەتقارى، نۇربىيەم ئابدۇرېشىت، ئىلهامجان قاۋۇل، سەنەۋۋەر تاشمۇھەممەت، ئادىلە سۇلتان، رۇقىيە ھەسەن قاتارلىق ياشلار بىلەن ئۇچرىشىپ پاراڭلىشىش - پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ئۇلارنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا، بىر تەرەپلىمە پىكىر قىلىدىغان، نەزەر دائىرىسى تار كىشىلەرنى باشقىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن «جاھان كۆرمىگەن قۇدۇقتىكى پاقىدەك گەپ قىلىدىكەنسەن» دەپ زاڭلىق قىلىشلىرىنىڭ ماھىيىتىگە يەتكەندەك بولدۇق؛ ئۇزاق يىل ئىچكىرىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇغان، ئىشلىگەن بۇ شىنجاڭلىق ياشلارنىڭ «قۇدۇق» ئىچىدىن چىقىپ، قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ، كۆكتە ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقانلىقىدىن چەكسىز سۆيۈندۇق.

ئۇلار ئائىلىسىدىن، ئاتا - ئانىسىدىن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن، دوستلىرىدىن ئۇزاق يىل ئايرىلغان، ئۆز يۇرتىنىڭ تۇتىيا يېپىشلىك تائاملىرىغا ئېغىز تېگەلمىگەن، ھېيت - ئايەملەردە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇش پۇرسەتلىرىگە ئېرىشەلمىگەن، ئۆز يۇرتىنىڭ مەشرەپ، تويلىرىغا قاتنىشالمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئېرىشكەنلىرى ئالدىدا بۇ ۋاز كېچىشلەرنىڭ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق.

«كۆرگەن كۆرگەننى قىلار، كۆرمىگەن نېمىنى قىلار» دېگەندەك، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئىلغار ئىدىيەلەر بىلەن ئۇچراشقان بۇ ياشلارنىڭ نەزەر دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ، پىكىر يوللىرى ئېچىلىپ، مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولغان؛ ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىدىكى ئۆزگىرىش ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن، ھەرىكىتىدىكى ئۆزگىرىش ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئۇلارغا بولغان قاراشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولغان... بۇ شىنجاڭلىق ياشلار ئۆزلىرىدە كۈچلۈك چىدامچانلىقنى، غەيرەت - جاسارەتنى، مەسئۇلىيەتچانلىقنى، ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە مۇستەقىل قارار چىقىرالايدىغان مۇستەقىللىقنى يېتىلدۈرگەنلىكتىن، ئۆگىنىش ۋە خىزمەتتە يۇقىرىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇلارنىڭ نەتىجىسى يالغۇز ئۇلارغىلا شەرەپ ئېلىپ كەلمەي، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شىنجاڭلىقلارنىڭ يۈزىنىمۇ يورۇق قىلغان.

ھەر يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىن نۇرغۇن ئوقۇغۇچى ئاتا - ئانىسىدىن، سۆيۈملۈك يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئىچكىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە، ئالىي مەكتەپلەرگە بىلىم ئېلىشقا ماڭىدۇ. «خەير - خوش!» دەپ ئۇزاتقان كۆزلەر ۋە «خاتىرجەم بولۇڭ...» دەپ ئۇزىغان كۆزلەر ئاتا - ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ھەم يۇرت مۇھەببىتىنىڭ تەسىرلىك ھېكايىلىرىنى يازىدۇ. بۈگۈن بىز شۇ «خاتىرجەم بولۇڭ» دەپ ئۇزىغان باللىرىمىزنىڭ نەتىجىسىنى كۆردۇق. نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتكەن، ئارزۇيىدىكىدەك تۇرمۇشقا، نەتىجىگە ئېرىشكەن جاسارەتلىك ياشلارنى كۆردۇق. ئۇلاردىن پەخىرلەندۇق، ئۇلاردىن تېخىمۇ زور ئۈمىدلەرنى كۈتتۇق. سۆيۈملۈك ئىنى - سىڭىللار، تېخىمۇ غەيرەت قىلىڭلار! ئىشىنىمىزكى، سىلەردە غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان، جاپادىن قورقمايدىغان قەيسەر روھلا بولىدىكەن، ھاياتلىق گۈلۈڭلار تېخىمۇ پورەكلەپ ئېچىلىدۇ!

ئاپتورلىرى «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»
ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە

سۈرەتلەرنى ماقالە ئاپتورلىرى تەمىنلىگەن.







ھەسەنجان مەتېلى فوتوسى



سادىر سابىر نەزەرى

# تېرىملىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى جاڭگال كاۋاپلىرى

ئۇيغۇر تائاملىرى ــ تارىخى ئۇزاق، تەملىك، رەڭدار ھەم ئىنچىكە ماھارەت، يۇقىرى سەۋىيە تەلەپ قىلىدىغان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن داڭلىق بولۇپ، ئۇنى دۇنيا يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر، دېيىشكە بولىدۇ.

يوپۇغا ناھىيەسىنىڭ تېرىم يېزىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى جاڭگال كاۋاپلىرى ئەنە شۇ گۆھەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆزگىچە تەم ۋە رەڭدارلىققا ئىگە.

جاڭگال كاۋاپلىرى زىخلىق كاۋاپ، قىيما كاۋاپ، ئاسما كاۋاپ ۋە پۈتۈن پىشۇرۇلغان تونۇر كاۋاپ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؛ تېرىملىقلار مېھمان كۈتكەندە بۇ خىل كاۋاپلارنى پىشۇرۇپ، ئالاھىدە يېمەكلىك ئورنىدا داستىخانغا قويىدۇ. بۇ خىل كاۋاپلار ئاساسەن يەرلىك ئەركەك پاقلان، ئەركەك ئوغلاق گۆشىدىن قىلىنىدۇ. بۇغداي ئۇنى، تۇخۇم، ئاقمۇچ، قارىمۇچ، زىرە، پىياز، تۇز قاتارلىقلار قوشۇمچە خام ماتېرىيال قىلىنىدۇ (باشقا ھەرقانداق تېتىتقۇ ئىشلىتىلمەيدۇ)؛ جاڭگالدا ئۆسكەن قۇرۇق يۇلغۇن، توغراق دەرىخىنىڭ ئوتۇنىدىن چوغ چۈشۈرۈلۈپ، قىيما كاۋاپ، زىخلىق كاۋاپلار مەخسۇس كاۋاپداندا يەلپۈپ، ئاسما كاۋاپ ۋە پۈتۈن كاۋاپلار شور تونۇردا دۈملەپ پىشۇرۇلىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل كاۋاپلار «جاڭگال كاۋىپى» دەپ ئاتالغان، بۇنىڭغا يەنە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىق مەدەنىيىتىمۇ سىڭگەن.

جاڭگال كاۋاپلىرى تەملىك، يېيىشلىك، خۇش پۇراق بولۇپ، تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىققا مايىل. بەدەنگە قۇۋۋەت بولغاندىن باشقا، سوغۇقتىن بولغان ھەر خىل ھەزىم ئورگانىزملىرى كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

تېرىملىقلارنىڭ بۇ خىلدىكى جاڭگال كاۋاپلىرى ھازىر «داۋاكۆل قۇملۇق مەنزىرە ساياھەت رايونى»دىكى يېمەك - ئىچمەكلەر ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنى بەكلا جەلپ قىلماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تېرىم يېزىسىدىكى يېمەك - ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر بۇ خىل كاۋاپچىلىقنى كەسپلەشتۈرۈپ، «داۋاكۆل قۇملۇق مەنزىرە ساياھەت رايونى»نىڭ ئەۋزەل شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ساياھەتچىلەرنى خىلمۇ خىل جاڭگال كاۋاپلىرى بىلەن تەمىنلەپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن نەپ ئېلىپ كەلمەكتە.

ئاپتورى يوپۇغا ناھىيە تېرىم يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پېنسىيونېرى

# كىتابتىن باشلانغان پاراڭلار (3)

بۇ سەھىپىنى پىلانلىغۇچى: مۇھەممەدسالىھ مەتروزى
زىيارەتكە يېتەكچىلىك قىلغۇچى: ئەركىن ئەبەيدۇللا

مەزكۇر سەھىپىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى:

ئازاد سۇلتان: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى، دوكتور يېتەكچىسى

ئىمىن ئەھمىدى: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق مۇدىرى، پروفېسسورى، شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان

تۇرۇپ بارات: مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل سابىق مۇئاۋىن باشلىقى (باش نازىر دەرىجىلىك)، مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتى شىنجاڭ شۆبە ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى، ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى - مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە باش كاتىپى، ئالىي مۇھەررىر

ئابدۇقادىر جالالىدىن: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، شائىر، تەتقىقاتچى

يالقۇن روزى: شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ كانددات ئالىي مۇھەررىرى، داڭلىق ئوبزورچى

ئادىل تۇران: شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتىنىڭ باش مۇھەررىرى، مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى





## كىتابسىز قېلىش بىر خىل جۇدالىق

— شائىر مۇھەممەدجان راشىدىن، پروفېسسور ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي ۋە تەتقىقاتچى ئابدۇرازاق سايىملار بىلەن سۆھبەت

زىيارەت قىلغۇچىلار:
گۈلشات تەلئەت
(«ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)
ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم
(مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىدە)
مېھرىبان نىياز چوغلۇق
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى)


مۇھەممەدجان راشىدىن


ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي


ئابدۇرازاق سايىم

سوئال: نۆۋەتتە، جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان كىتاب ئو-
قۇشقا يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدىكى بەس-
مۇنازىرىگە قانداق قارايسىز؟ سىزنىڭچە، ھازىر ھەر سا-
ھە كىشىلىرىمىزنىڭ كىتاب - ماتېرىيال سېتىۋېلىش،
ئوقۇش، پايدىلىنىش ۋە ساقلاش ئەھۋالى قانداق؟

مۇھەممەدجان راشىدىن: كىشىلەرنىڭ كىتاب ئو-
قۇش ئېھتىياجى بىر خىل دائىمىي مەۋجۇتلۇق. ئۇ
بىزدەك مەدەنىيەتلىك دۆلەت ۋە مىللەتلەردە جەمئىيەت
تەرەققىياتى ھەم بىلىم، ئۇچۇر، يېڭىلىققا بولغان تەلەپ-
نىڭ ئېھتىياجى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. كىتاب ئوقۇش
ياخشى ئىش، كىتاب ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىش تېخى-
مۇ ياخشى ئىش. دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندا مۇنداق تە-
شەببۇس پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئارزۇسى سۈپىتىدە مەي-
دانغا كەلگەن. بەزى ئىشلار تۈنۈگۈنكىدەكلا يادىمدا
تۇرۇپتۇ: 1949 - يىلى ئېلىمىز ئازاد بولۇپ ئۇزاق
ئۆتمەي، ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭى - يېڭى مەكتەپ،
كۇرسلار كەينى - كەينىدىن ئېچىلىشقا باشلاپ، ئوقۇ-
غۇچىلار ئالدىدا يېڭى بىلىم مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى،
كىتاب ئوقۇش ئېھتىياجى تۇغۇلدى. كىتاب ئوقۇش تە-
شەببۇسى دەرس مۇنبەرلىرىدە، رادىيولاردا سۆزلىنىپ
تۇرىدىغان بولدى، قىرائەتخانا بىلەن دەرسخانا ئارىلىقىدا
كىتاب كۆتۈرۈپ يۈرگەن بالىلار دائىم كۆزىمىزگە چې-
لىقىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن بىر خىل گۈزەل، مەدەنىي
مۇھىت ۋە ئاۋاتلىق چىقىپ تۇراتتى. مەن بۇ مۇھىتقا
1955 - يىلى قوشۇلغان. تولۇقسىزنى پۈتكۈزگۈچە بول-
غان ۋاقىتلىرىم «گۆر ئوغلى»، «يېڭى باتۇرلار» ۋە سابىق
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېك شائىرى غاپۇر غۇلامنىڭ
ئەسەرلىرىنى تويماي ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىم ئىدى،
شۇ ۋاقىتتىكى يېڭى مەكتەپ ھاياتى مېنىمۇ ئۆزگە تار-
تىۋالغانىدى.

مەن مەكتەپكە بارغان يىلى رادىيودىن سابىق سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ رومانى «چايكا» ئاڭلىتىلىۋاتقانىكەن. ئۇ
چاغلاردا داڭلىق كىتابلاردىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان
ئىستىل بار ئىدى. 1956 - يىلىغا كەلگەندە، رادىيودىن
«رومان ئوقۇش بىلەن پەن قورغىنىنى ئىگىلىگىلى
بولامدۇ - يوق؟» دېگەن مۇنازىرە تېمىلىرى ئوتتۇرىغا
قويۇلۇپ تالاش - تارتىش قىلىندى، مۇلاھىزىلەر يۈر-
گۈزۈلدى... قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يۇقىرى-
قىلار شۇ چاغلاردىمۇ كىتاب ئوقۇش مۇھىتىنىڭ قويۇق-
لۇقىنى ۋە بىزنى قويىنىغا قىزغىنلىق بىلەن تارتقانلى-
قىنى چۈشەندۈرەتتى. ئۇ بىزنىڭ ياشلىقىمىزغا ئەجايىپ
جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپ، بىلىم شەربەتلىرىنى
ئىچۈرگەن، كىتاب ئارقىلىق بىزنى يېڭى دۇنياغا خاس
ئادەملەرگە ئايلاندۇرغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللار-
نى ئويلىساق، كىتاب ئوقۇشنىڭ مەۋجۇتلۇقتىن قالغان
ئىش ئىكەنلىكىنى ئەسلىيەلەيمىز. دائىمىي ئېھتىياج-
لىق دېگەنلەر كىتاب ئوقۇپ تۇردى، جىددىي قارىمى-
غانلار سۇسلىشىتۇرۇپ قويدى. لېكىن، شۇ نەرسە مۇقەر-
رەركى، كۇنسېرى ئالغا سىلجىۋاتقان بۇ دۇنيادا كىتاب
ئوقۇش كىشىلەر ئارىسىدىكى ھامان بىر خىل مەۋجۇت-
لۇق بولۇپ كەلدى.

مەن كىتابسىز قېلىشنى ھاياتلىقتىكى بىر خىل
جۇدالىق، يوقسۇزلۇق ۋە قەھەتچىلىك، دەپ ھېسابلاي-
مەن. بۇنى مەن باشتىن كەچۈرگەن كەچمىش ۋە قىس-
مەتلەر دەلىللەيدۇ:

1968 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ كا-
شىلىسىغا ئۇچراپ، 15 يىل تۈرمىدە ياتتىم. ئاقلىنىپ
چىققانغا قەدەر ماڭا ئېغىر ئەمگەك، ئاچ - يالىڭاچلىق
تۇرمۇش، ئەركىسىز ھاياتتىنمۇ قاتتىقراق تۇيۇلغىنى
باشقىسى ئەمەس، دەل كىتابسىز قېلىش بولدى. ئاندا -
ساندا قولۇمغا چۈشكەن كىتابلاردىن «سۇ بويىدا»، «قى-
زىل راۋاقتىكى چۈش» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇرچە
تەرجىمىسىنى ئوقۇغاندىن سىرت، «سوۋېت - گېرمان
جاسۇسلۇق ئۇرۇشى»، «جاھان سەنئەتكارلىرىنىڭ تىلغا
ئېلىنمىغان تەزكىرىلىرى»، « 6 - كامېر»، « 22 -
مەھبۇس» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى-
نى ئوقۇغان بولسامۇ، بۇ بىرنەچچە پارچە كىتاب ھېچ-
نېمىگە دال بولالمايتتى، كىتابسىزلىق ئىچ - باغرىمنى
قاقشال دالاغا ئايلاندۇرغانىدى. تەقدىرىمدىكى ئېغىر
كېسەل بىلەن ئۇزۇكسىز تىل ئۆگىنىشتىن باشقا،
ھېچنەرسە يازغىلىمۇ بولمايتتى. كىتاب بولسا ئىدى،
كۈنلەر مەنىلىك ئۆتۈپ، زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرغىلى
بولاتتى... بىز تۇرۇۋاتقان ئەترەتتە ئېغىر ئەمگەكتىن
باشقا ئىزچىل ئۆگىنىش پۇرسىتىمۇ يوق ئىدى.

مەن كىتابسىز قالغىنىمنىڭ زىيىنىنى 1983 -
يىلى جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن تېخىمۇ ئېنىق بىل-
دىم. ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى مېنى
ئىللىق قوينىغا ئالغان بولسىمۇ، زۇنۇن قادىرى، تېيىپ-

# كىتابتىن باشلانغان پاراڭلار (3)

بۇ سەھىپىنى پىلانلىغۇچى: مۇھەممەدسالىھ مەتروزى
زىيارەتكە يېتەكچىلىك قىلغۇچى: ئەركىن ئەبەيدۇللا

مەزكۇر سەھىپىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى:

ئازاد سۇلتان: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى، دوكتور يېتەكچىسى

ئىمىن ئەھمىدى: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق مۇدىرى، پىروفېسسورى، شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان

تۇرۇپ بارات: مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل سابىق مۇئاۋىن باشلىقى (باش نازىر دەرىجىلىك)، مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتى شىنجاڭ شۆبە ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى، ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە باش كاتىپى، ئالىي مۇھەررىر

ئابدۇقادىر جالالىدىن: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، شائىر، تەتقىقاتچى

يالقۇن روزى: شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى، داڭلىق ئوبزورچى

ئادىل تۇران: شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتىنىڭ باش مۇھەررىرى، مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى





## كىتابسىز قىلىش بىر خىل جۇدالىق

—— شائىر مۇھەممەدجان راشىدىن، پىروفېسسور ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي ۋە تەتقىقاتچى ئابدۇرازاق سايىملار بىلەن سۆھبەت

زىيارەت قىلغۇچىلار:
گۈلشات تەلئەت
(«ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)
ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم
(مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىدە)
مېھرىبان نىياز چوغلۇق
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى)


ئابدۇرازاق سايىم


ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي


مۇھەممەدجان راشىدىن

سوئال: نۆۋەتتە، جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان كىتاب ئوقۇشقا يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدىكى بەس ـ مۇنازىرىگە قانداق قارايسىز؟ سىزنىڭچە، ھازىر ھەر ساھە كىشىلىرىمىزنىڭ كىتاب ـ ماتېرىيال سېتىۋېلىش، ئوقۇش، پايدىلىنىش ۋە ساقلاش ئەھۋالى قانداق؟

مۇھەممەدجان راشىدىن: كىشىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇش ئېھتىياجى بىر خىل دائىمىي مەۋجۇتلۇق. ئۇ بىزدەك مەدەنىيەتلىك دۆلەت ۋە مىللەتلەردە جەمئىيەت تەرەققىياتى ھەم بىلىم، ئۇچۇر، يېڭىلىققا بولغان تەلەپنىڭ ئېھتىياجى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. كىتاب ئوقۇش ياخشى ئىش، كىتاب ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىش تېخىمۇ ياخشى ئىش. دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندا مۇنداق تەشەببۇس پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئارزۇسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. بەزى ئىشلار تۈنۈگۈنكىدەكلا يادىمدا تۇرۇپتۇ: 1949 ـ يىلى ئېلىمىز ئازاد بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭى ـ يېڭى مەكتەپ، كۇرسلار كەينى ـ كەينىدىن ئېچىلىشقا باشلاپ، ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا يېڭى بىلىم مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى، كىتاب ئوقۇش ئېھتىياجى تۇغۇلدى. كىتاب ئوقۇش تەشەببۇسى دەرس مۇنبەرلىرىدە، رادىيولاردا سۆزلىنىپ تۇرىدىغان بولدى، قىرائەتخانا بىلەن دەرسخانا ئارىلىقىدا كىتاب كۆتۈرۈپ يۈرگەن باللار دائىم كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن بىر خىل گۈزەل، مەدەنىي مۇھىت ۋە ئاۋاتلىق چىقىپ تۇراتتى. مەن بۇ مۇھىتقا 1955 ـ يىلى قوشۇلغان. تولۇقسىزنى پۈتكۈزگۈچە بولغان ۋاقىتلىرىم «گۆر ئوغلى»، «يېڭى باتۇرلار» ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېك شائىرى غاپۇر غۇلامنىڭ ئەسەرلىرىنى تويماي ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىم ئىدى، شۇ ۋاقىتتىكى يېڭى مەكتەپ ھاياتى مېنىمۇ ئۆزىگە تارتىۋالغانىدى.

مەن مەكتەپكە بارغان يىلى رادىيودىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رومانى «چايكا» ئاڭلىتىلىۋاتقانىكەن. ئۇ چاغلاردا داڭلىق كىتابلاردىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان ئىستىل بار ئىدى. 1956 ـ يىلىغا كەلگەندە، رادىيودىن «رومان ئوقۇش بىلەن پەن قورغىنىنى ئىگىلىگىلى بولامدۇ ـ يوق؟» دېگەن مۇنازىرە تېمىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ تالاش ـ تارتىش قىلىندى، مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزۈلدى... قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يۇقىرىدىقىلار شۇ چاغلاردىمۇ كىتاب ئوقۇش مۇھىتىنىڭ قويۇقلۇقىنى ۋە بىزنى قوينىغا قىزغىنلىق بىلەن تارتقانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. ئۇ بىزنىڭ ياشلىقىمىزغا ئەجايىپ جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپ، بىلىم شەربەتلىرىنى ئىچۈرگەن، كىتاب ئارقىلىق بىزنى يېڭى دۇنياغا خاس ئادەملەرگە ئايلاندۇرغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللارنى ئويلىساق، كىتاب ئوقۇشنىڭ مەۋجۇتلۇقتىن قالغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئەسلىيەلەيمىز. دائىمىي ئېھتىياجلىق دېگەنلەر كىتاب ئوقۇپ تۇردى، جەددىي قارىمىغانلار سۇسلاشتۇرۇپ قويدى. لېكىن، شۇ نەرسە مۇقەررەركى، كۆنسېرى ئالغا سىلجىۋاتقان بۇ دۇنيادا كىتاب ئوقۇش كىشىلەر ئارىسىدىكى ھامان بىر خىل مەۋجۇتلۇق بولۇپ كەلدى.

مەن كىتابسىز قېلىشنى ھاياتلىقتىكى بىر خىل جۇدالىق، يوقسۇزلۇق ۋە قەھەتچىلىك، دەپ ھېسابلايمەن. بۇنى مەن باشتىن كەچۈرگەن كەچمىش ۋە قىسمەتلەر دەلىللەيدۇ:

1968 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ كاشىلىسىغا ئۇچراپ، 15 يىل تۈرمىدە ياتتىم. ئاقلىنىپ چىققانغا قەدەر ماڭا ئېغىر ئەمگەك، ئاچ ـ يالىڭاچلىق تۇرمۇش، ئەركىسىز ھاياتتىنمۇ قاتتىقراق تۇيۇلغىنى باشقىسى ئەمەس، دەل كىتابسىز قېلىش بولدى. ئاندا ـ ساندا قولۇمغا چۈشكەن كىتابلاردىن «سۇ بويىدا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئوقۇغاندىن سىرت، «سوۋېت ـ گېرمان جاسۇسلۇق ئۇرۇشى»، «جاھان سەنئەتكارلىرىنىڭ تىلغا ئېلىنمىغان تەزكىرىلىرى»، « 6 ـ كامېر»، « 22 ـ مەھبۇس» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ئوقۇغان بولساممۇ، بۇ بىرنەچچە پارچە كىتاب ھېچنېمىگە دال بولالمايتتى، كىتابسىزلىق ئىچ ـ باغرىمنى قاقشال دالاغا ئايلاندۇرغانىدى. تەقدىرىمدىكى ئېغىر كېسەل بىلەن ئۇزۇكسىز تىل ئۆگىنىشتىن باشقا، ھېچنەرسە يازغىلىمۇ بولمايتتى. كىتاب بولسا ئىدى، كۈنلەر مەنىلىك ئۆتۈپ، زىيانىنى پايدىغا ئايلاندۇرغىلى بولاتتى... بىز تۇرۇۋاتقان ئەترەتتە ئېغىر ئەمگەكتىن باشقا ئىزچىل ئۆگىنىش پۇرسىتىمۇ يوق ئىدى.

مەن كىتابسىز قالغىنىمنىڭ زىيىنىنى 1983 ـ يىلى جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن تېخىمۇ ئېنىق بىلدىم. ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى مېنى ئىللىق قوينىغا ئالغان بولسىمۇ، زۇنۇن قادىرى، تېيىپ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جان ئېلىيوپ، تۇردى سامساق، ئابلىز نازىرى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئاكا ... قاتارلىقلار بىلەن، بەزىدە زوردۇن سابىر، ئابدۇراخمان قاھار، ئەخەت تۇردى، ئوسمانجان ساۋۇت، روزى سايىت، مەھەممەتئېلى زۇنۇن ... قاتارلىق تەڭتۇشلىرىم بىلەن پات ـ پات بىللە بولۇپ قالسامۇ، پەقەت گەپ تىڭشاپلا ئولتۇراتتىم، ئۇلار دەۋاتقان پىكىرلەرگە قوشۇق سالمايتتىم، پاراڭ ئارغامچىسىغا ئۇچ قويىدىغان ئىقتىدار مەندە يوق ئىدى. ماڭا ئۇلار جىق ئىشلارنى بىلىپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. چۈنكى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» كىتابلارنى بەنت قىلىۋەتكەن 10 يىلدا ئۇلار جىم يۈرۈپ خېلى كۆپ كىتابلارنى ئوقۇپ تۈگەتكەنىدى. مېنىڭ ئىچىم قۇرۇق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ سۆھبەتدىشىغا ئايلانغۇچە خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى... مېنىڭ كىتابسىز قېلىشنى بىر خىل جۇدالىق، قەھەتچىلىك، نامراتلىق دېيىشىمنىڭ سەۋەبلىرى ئەنە شۇ. شۇڭا، مەن كىتاب ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەككى، ئۇنىڭغا سوغۇق سۇ سەپمەسلىك كېرەك، دەپ قارايمەن.

ئارىمىزدا ئۈزۈلدۈرمەي كىتاب ئوقۇۋاتقانلار، كىتاب ساقلاۋاتقانلار، كىتاب توغرۇلۇق سۆزلەپ تۇرغانلار يەنىلا بار. كىتاب ھېرىسمەنلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسىنى مېنىڭ يېنىمدىنلا تاپقىلى بولىدۇ. كۈيۈئوغلۇم ئابدۇقېيۇم ئابلىكىم ئۇزۇن يىللىق بانكا كادىرى. ئادەتتە، ئۇ كىتاب سېتىۋېلىشتا پۇلنىڭ كۆزىگە قارىمايدۇ، يېڭى كىتاب خەۋىرىنى ئاڭلىسا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ. مېنىڭچە، خەلقىمىز ئىچىدە نۇرغۇن ئادەمنىڭ كىتابنى دوست تۇتۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىن گۇمانلانماسلىق كېرەك.

ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانى: كىتاب ئوقۇشنىڭ پايدىسىنى جىق كۆرگەن ۋە ئۆمرىنى كىتاب ئوقۇش، كىتاب يېزىش، ئوقۇغىنى بىلەن يازغانلىرىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشكە تىرىشىپ ياشاۋاتقانلارنىڭ بىرسى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن خەلقىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ياشلىرىمىزنىڭ كىتاب ئوقۇشقا يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىش ھەققىدە قىزغىن مۇزاكىرە ۋە بەس ـ مۇنازىرە قىلغىنىدىن سۆيۈنۈش ھېس قىلىمەن. مېنىڭچە، بۇ، بىر خىل ئويغىنىش.

نۆۋەتتە، كىشىلىرىمىزنىڭ كىتاب ئوقۇش، سېتىۋېلىش، پايدىلىنىش ۋە ساقلاشلىرىدا، باشقا مەدەنىي مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرق يەنىلا چوڭ: كىتاب ئوقۇمايدىغان ياشلار كۆپ؛ كىتاب سېتىۋالمايدىغان زىيالىي تولا؛ كىتابتىن پايدىلىنىشنى بىلمەيدىغانلار ئاز ئەمەس؛ كىتاب ساقلىماق تەس. مەسىلەن، مەن تونۇيدىغان بىر كىتابچى قېرىندىشىم «كىتابلارنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى قانداق؟» دېگەن سوئالىمغا: «بىز بەزىدە كىتاب سېتىش بۇياقتا تۇرسۇن، كىتاب ئالىمىز تېخى. قاراڭ، ئاۋۇ ‹قۇتادغۇ بىلىك›، دېگەن كىتابنى مەن پالانى يۇرتتىن كىرگەن بىر ئادەمدىن ئەرزانلا بىر پۇلغا ئېلىپ قويدۇم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ يۇرتىدا: ‹بۇ كىتابتا، 11 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار دەپ دۆلىتى بولغان، دەپتۇ. بۇ كىتابنى دەرھال يوقاتمىساق، مۇسادىرە قىلىپ، كۆيدۈرۈۋېتىمىز› دەپ قورقۇتۇپتۇ...» دەپ، ئۇزۇن بىر ھېكايە بىلەن جاۋاب بەردى.

ئابدۇرازاق سايىم: يېقىندىن بېرى تۈرلۈك تاراتقۇلاردا «2015 ـ يىلىنى ئۇيغۇرلارنىڭ كىتاب ئوقۇش يىلى قىلىش» ھەققىدە خۇسۇسىي تەكلىپلەر بېرىلدى. مېنىڭچە، بۇ خىل تەكلىپنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلىرىمىزنىڭ پىكىر قاتناشتۇرۇپ، بەس ـ مۇنازىرە پەيدا قىلىشىدىنلا مىللىتىمىز كىشىلىرىنىڭ كىتاب ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىشكە قانداق قارايدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. بىرەر مەسىلە ھەققىدە مۇشۇنداق بەس ـ مۇنازىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشى شۇ ماكان، شۇ مىللەت، شۇ قوۋم ئۈچۈن پايدىلىق.

كىشىلىرىمىزنىڭ ھازىرقى تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلەرنى سېتىۋېلىش، ساقلاش، ئوقۇش ئەھۋالىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرىدىغان بولساق، كۆڭۈل سەل غەش بولىدۇ: چەت ئەلنىڭ ۋە جۇڭگونىڭ داڭلىق كىتابلىرىنى سېتىۋېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆز يازغۇچى ـ شائىرلىرىمىزنىڭ ئەڭ ئاسان چۈشەنگىلى ـ ھەزىم قىلغىلى بولىدىغان ئەسەرلىرىنى سېتىۋېلىپ ئوقۇيدىغان ئادەملىرىمىزمۇ ئومۇمىي نوپۇسىمىزغا سېلىشتۇرغاندا ئانچە كۆپ ئەمەس. كىتابخانىلار ياكى كىتاب يايمىلىرىدىن كىتاب سېتىۋېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئىشىكلىرى سەككىز سائەت ئوچۇق تۇرغان قىرائەتخانا، كۇتۇپخانىلاردىكى ھەقسىز ئوقۇۋالغىلى بولىدىغان ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭمۇ جايىدىن يۆتكەلمەي تۇرغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۇنىڭدىن بىزدە كىتاب ئوقۇشقا، ساقلاشقا ھېرىسمەن كىشىلەر نىسبىتىنىڭ خېلىلا تۆۋەن ئىكەنلىكىنى بايقىيالايمىز. مەن 1998 ـ يىلى ياپونىيەگە 15 كۈنلۈك خىزمەت زىيارىتى بىلەن بارغان چېغىمدا، ياپونىيەلىكلەرنىڭ ئاپتوبۇستا، پويىزدا ياكى ئاشپۇزۇلدا غىزا

ساقلاپ تۇرغان چېغىدا بولسۇن، قولىدا كىتاب ياكى گېزىت - ژۇرنال بارلىقىنى، ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەنمەن. بىزدە مۇنداق ئەھۋالنى كەمدىن - كەم ئۇچراتتىم... قىسقىسى، ئاسمان - پەلەك ئۇچۇپ يۈرگەن گەپ - سۆزلىرىمىز بىلەن ئەمەلىيىتىمىزنى سېلىشتۇرغاندا، قورقۇنچلۇق ھاڭ پەيدا بولغاندەك تۇيۇلىدۇ.

سوئال: سىزنىڭچە، قانداق كىتابلار ياخشى كىتاب، نادىر كىتاب ھېسابلىنىدۇ؟ بىز قانداق كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇشىمىز زۆرۈر؟

مۇھەممەدجان راشىدىن: دۇنيادا ياخشى كىتاب، نادىر كىتابلار ھەقىقەتەن كۆپ. مېنىڭچە، ئەڭ ئەسقاتقان كىتاب ياخشى كىتاب. بىز يەنىلا ئاۋۋال ئۆزىمىزگە جىددىي ئېھتىياجلىق كىتابلارنى تېپىپ ئوقۇشىمىز كېرەك. پارنىك كۆكتاتچىلىقى، چارۋا مال باقمىچىلىقى، باغۋەنچىلىك پەرۋىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ قانداق كىتابلارنى بالدۇر ئوقۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى دەپ ئولتۇرمىساقمۇ كۆپچىلىككە ئايان.

ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي: مېنىڭچە، ئۆزى بايان قىلغان مەزمۇن ۋە يورۇتقان پىكىرلىرى ئارقىلىق ھەرقانداق بىر ئىنسانغا ھۇرۇنلۇق ياكى كاززاپلىق قىلماي ئەمگەك بىلەن قەدىرلىك ياشاشنى ئۆگىتىدىغان كىتابلار؛ پۈتكۈل ئەقىل - ئىقتىدارىنى سەرپ قىلىپ ھۈنەر - كەسىپ ئۆگىنىشنى، جاپادىن قورقماي تىرىشىپ ئىشلەشنى ئۆگىتىدىغان كىتابلار؛ ئۆزىدىكى ۋە ئۆز قوۋم - جامائىتىدىكى پاسسىپ، قالاق ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش جەھەتتىن يېڭىلىق يارىتىپ، مەدەنىي ۋە راھەت ياشاشقا يېتەكلەيدىغان كىتابلار... نىڭ ھەممىسى ياخشى كىتاب ھېسابلىنىدۇ.

پۈتكۈل بىر قوۋم ۋە مىللەتنىڭ دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر قاتارىدا، ئىنسانىي مەدەنىيەت ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇن پىچىمدە ياشىشىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتكەن، تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ۋە داۋاملىق ئىجابىي تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان كىتابلار نادىر كىتاب سانىلىدۇ.

كىتاب ئوقۇش ھەر كىمنىڭ قىزىقىشى، رىغبىتى ۋە ئارزۇ - ئارمىنى ئاساسىدا بولۇشى لازىم، ئەلۋەتتە. ئەمما، ئومۇمىيەتلىك قىلىپ ئېيتقاندا، مەن مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك كىتابنى جەزمەن ئوقۇش لازىم، دەپ قارايمەن:

*بىرىنچى، تونۇش ۋە چۈشىنىش تۈرى.* ئۆزۈڭنى، ئۆز قوۋم - مىللىتىڭنى چۈشىنىش ۋە تونۇش ئۈچۈن، ئۆز مىللىتىڭنى ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ئاساسى، ئەخلاق ۋە دۇنياقاراش مىزانى قاتارلىق تەرەپلەردىن تونۇشتۇرىدىغان كىلاسسىك كىتابلارنى جەزمەن بىر ئوقۇۋېتىشىڭ كېرەك؛ ئوخشاشلا باشقىلارنى تونۇش، بىلىش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈنمۇ ئاشۇلارنى ھەر جەھەتتىن تونۇشتۇرىدىغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە نادىر كىتابلارنى ئەستايىدىل ئوقۇشۇڭ لازىم بولىدۇ.

*ئىككىنچى، باشقۇرۇش تۈرى.* ئىگىلىك باشقۇرۇش، ئادەملەرنى باشقۇرۇش ۋە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش (ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش)نى ئۆگىتىدىغان كىتابلارنى جەزمەن ئوقۇش لازىم. مېنىڭ چۈشەنچەمچە، پەلسەپە ۋە ئەخلاقشۇناسلىق ئىلمىگە ياتىدىغان كىتابلارمۇ مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. باشقۇرۇش - ئىدارە قىلىش ئىلمى — مەدەنىيەت دۇنياسىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىلىملەرنىڭ بىرىدۇر. ئۆزىنى ئىدارە قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم ئەمەلىيەتتە مەدەنىي ئىنسان قاتارىغا كىرمەيدۇ؛ ئوخشاشلا، ئۆزىنى ئىدارە قىلىشنى بىلمىگەن مىللەتمۇ بىچارىلىكتىن قۇتۇلالمايدۇ.

*ئۈچىنچى، قوغدىنىش تۈرى.* ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ جانجان مەنپەئەتلىرىنى، شۇنداقلا قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى قوغداشنى بىلىشلىرى ئەڭ مۇھىم ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، «مېنىڭ سىياسەت بىلەن خوشۇم يوق» دېمەي، بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەتنى يېتەكلەشتە مىزان ئاساسى قىلىنىۋاتقان سىياسىي كىتابلارنى، قانۇن - تۈزۈم دەستۇرلىرىنى ئەستايىدىل ئوقۇشىمىز لازىم. يىغىپ ئېيتقاندا، خاس مىللىي ئېڭىمىزنى ئۇرغۇتىدىغان، خەلقىمىزنىڭ دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر قاتارىدىن چۈشۈپ قالماي، ئاكتىپ ۋە غۇرۇرلۇق ياشىشىنى ئەمەلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا تىرىشقان، بىزنى مەدەنىي ھايات يولىغا يېتەكلەش كۈچىگە ئىگە بولغان كىتابلارنى زېرىكمەي ئوقۇشىمىز كېرەك.

ئابدۇرازاق سايىم: كىتاب ئوقۇشنى ياكى قانداق كىتاب ئوقۇشنى بىرەر ئادەمگە تاڭىدىغان ئىش ئەمەس. كىتاب ئوقۇش - ئوقۇماسلىق ھەركىمنىڭ ئەركىنلىكى، ئەمما كىتاب ئوقۇماسلىق ئىنسان ئۈچۈن ئەيىبلىك ئىش. قانداق كىتابنىڭ «نادىر كىتاب» ھېسابلىنىدىغانلىقى ھەققىدە توختالساق، ھەركىمنىڭ ھۇزۇرلىنىشى، نەپكە ئېرىشىشى ئوخشاش بولمايدۇ. ھەرقانداق كىتاب-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



نىڭ ئوقۇرمەنگە ماددىي پايدا، مەنىۋى زوق يەتكۈزەلىشى
ناتايىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىمگە قانداق كىتاب ئاز-
تولا نەپ بېرەلىسە، شۇ كىتاب شۇ كىشىنىڭ نەزىرىدە-
كى نادىر كىتاب ھېسابلىنىدىكەن، دەيمەن. يەنە بىر
جەھەتتىن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوقۇرمەنلەر ئېتىراپ
قىلغان، ياقتۇرغان، نەپ ئالغان كىتابلارنى نادىر كىتاب
دېيىش ئەقىلغا تېخىمۇ مۇۋاپىق، دەپ قارايمەن.

دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ، شۇنىڭدەك مىللىتىمىز-
دىكى ھەر ساھە كىشىلەرنىڭ دۇنياقارىشى، تۇرمۇش قا-
رىشى، ئېستېتىك قارىشى، كىتاب ئوقۇشقا بولغان ئېھ-
تىياجى ۋە قىزغىنلىقى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۆزۈمنى
ئېلىپ ئېيتسام، گەرچە مەن تارىخ ئوقۇمىغان بولسام-
مۇ، تارىخقا ئائىت كىتاب، ئىلمىي ماقالىلەرنى، بولۇپ-
مۇ بىرەر ۋەقە ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىك كىتابلارنى
كۆپرەك ئوقۇيمەن. شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت تۈرلۈك ژا-
نىردىكى ئەسەرلەرنى كۆپرەك ئوقۇيمەن. مۇنداق بولۇ-
شىدىكى تۈپ سەۋەب، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزگە ھەم يۇر-
تىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇش
ئىدىيەمنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. باش-
قىلارنىڭ قانداق ژانىردىكى ئەسەرلەرنى تاللاپ ئوقۇشى
ئۆزىنىڭ قىزىقىشى، چۈشىنىشى ۋە قىممەت قارىشى
بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش. قانداق كىتابنى ئوقۇش كې-
رەكلىكىنى زورلاشقا، تېڭىشقا بولمايدۇ، تەشەببۇس قى-
لىشقا بولىدۇ.

سوئال: سىز ياقتۇرۇپ ئوقۇغان ۋە دۇنيا قارىشى-
ڭىز، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىڭىزغا ئىجابىي تەسىر
كۆرسەتكەن كىتابلار بارمۇ، قايسىلار؟

مۇھەممەدجان راشىدىن: ئاۋۋال تولۇقسىز ئوتتۇرا
مەكتەپنى، ئارقىدىن ئاران تېخنىكوم مەكتەپنى ئوقۇيا-
لىغان بىر ئادەمنىڭ 60 يىل تىرىشىپ يۈرۈپ، خەلق
شائىرى بولالىغانلىقىنى ئويلىسىڭىزلا، ماڭا ئەسلىدە
كىتابنىڭ بەكمۇ ئەسقاتقانلىقىنى ھېس قىلالايسىز. مې-
نىڭ تۇرمىدە كىتابسىز ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىمگە ئې-
چىنغانلىقىم — ياش ۋاقتىمدا ئوقۇغان كىتابلىرىمنى
ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ئىزچىللاشتۇرالمىغانلىقىمغا
ئاھ ئۇرغانلىقىم ئىدى. ياش ۋاقتىمدا گوركىينىڭ ئەدە-
بىي كىتابلىرىدىن باشقا، ئۆمەر مۇھەممەدى، قادىر ھە-
سەن قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى، «شېئىرىيەت ماھىر-
لىقى» قاتارلىق ئوقۇشلۇقلارنى ۋە نۇرغۇن ئەدەبىي كى-
تابلارنى، كىلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ئارقى-
لىق، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى
ئىگىلىگەنمەن؛ 2 - دۇنيا ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن كى-
تابلاردىن رومان، پوۋېست دېگەنلەرنىڭ نېمىلىكىنى
بىلگەنمەن؛ ئەي سىچېڭنىڭ «دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم»
ھەققىدىكى ئەسەرلىرىدىن پەلسەپە ئۆگەنگەندىن تاشقى-
رى، ھەتتا مالىك جۇنۇس (قازاق)، ئابدۇقادىر قايى-
تۇپلارنىڭ مۇزىكا كىتابلىرىدىن نوتا ساۋادىنىمۇ ئۆگى-
نىپ باققانمەن. مەن بار يەردە كىتاب بار، كىتاب بار
يەردە مەن بار ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىتابسىز قالغان
يىللىرىمنى جۇدالىق، دەپ ئاتىدىم. كىتاب ئوقۇشنىڭ
ئۆزى بىر خىل مەدەنىيەت، بۇ مەدەنىيەتتىن مەھرۇم
بولغۇچىلارنى مەدەنىيەتلىك زامانغا لايىق ئادەم دېگىلى
بولمايدۇ. كېچىككەن بولسامۇ، كىتابقا بولغان ھېرىس-
مەنلىكىمنى يەنىلا تاشلىمىدىم. بۇلتۇر 10 - ئايدىن 11 -
ئايغىچە ماھىنۇر قاسىمنىڭ «ئەخمەت ئەپەندىنى ئەس-
لەيمەن» ناملىق ئىككى توملۇق كىتابىنى ئوقۇپ چىق-
تىم. ئوقۇيالمىغان كىتابلىرىمنى ھېچ بولمىسا بىر قۇر
ۋاراقلاپ چىقىمەن. دېمەك، كىتاب ماڭا يەنىلا ئەسقات-
ماقتا، دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى يې-
تىلاندى، دېگەن شۇ بولسا كېرەك. كىتاب بىلەن كارى
يوق ئادەملەردە مۇنداق يېتىلىشلار بولمايدۇ.

ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانىي: بىزنىڭ ئۈسمۈر-
ياش ۋاقتىمىزدا، تاشكەنت «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىيا-
تىنىڭ كىتابلىرى كۆپ بولىدىغان. رۇس ئالىملىرى
لومونوسوف، پاۋلوف، شائىر ئالېكسىي سىرگېيېۋىچ
پۇشكىن، داھىي ۋىلادىمىر ئېلىچ لېنىن قاتارلىقلار
ھەققىدىكى تەزكىرە - تەرجىمىھال ئەسەرلەر بىزنى ئۆ-
زىگە بەكلا رام قىلاتتى. ئابدۇللا قادىرىينىڭ «ئۆتكەن
كۈنلەر»، ئىران يازغۇچىسى مىرزا مۇشفىق كازىمىي
يازغان «دەھشەتلىك تېھران» دېگەن كىتابلارنى بىرقانچە
ئاغىنىلەر بىرلىكتە، جىنچىراغ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ تۈ-
نەپ ئوقۇغانلىقىمىز ھېلىمۇ ئېسىمدە.

ياش ۋاقتىمدا ئەڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇغان كىتابىم —
ئاتاقلىق ئۆزبېك يازغۇچىسى ئۆمەر تاشمۇھەممەد ئوغلى
ئايبېك يازغان تارىخىي رومان «ئەلىشىر نەۋايى» بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. مەن مەزكۇر كىتابنى بىرقانچە قېتىم
ئوقۇغان. ئۇنىڭغا ياندىشتۇرۇپ، بىر رۇس يازغۇچىسى
يازغان ئەلىشىر نەۋايى ھەققىدىكى «ھايات بېغى» ماۋزۇ-
لۇق تارىخىي رومانىنى ئەستايىدىل ئوقۇغان. كېيىنكى

چاغلاردا، مېنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى ئوقۇش ـ ئوقۇتۇشى ۋە «نەۋايىشۇناسلىق» تەتقىقاتىنى ئۆمۈرلۈك كەسىپ قىلىپ تاللىشىمدا، مەزكۇر ئەسەرلەر خېمىرتۇرۇچلۇق رول ئوينىغان، دېگۈم كېلىدۇ.

ئابدۇرازاق سايىم: مەن كىچىكىمدە ئوقۇغان ئەسەرلەرنىمدىن خەنزۇ كىلاسسىك ئەسەرلىرىدىن «سۇ بويىدا»، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» رومانلىرىدىن باشقىسى تازا ئېسىمدە يوق. يېقىنقى 30 نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزىمىزنىڭ يازغۇچىلىرى تەرىپىدىن يورۇقلۇققا چىققان «قىزىل تاغ ئېتىكىدە»، «قاينام ئۇركىشى»، «ئىز»، «ۋىسال دەقىقىلىرى»، «ئانا يۇرت»، «تەكلىماكاندىكى رىۋايەت»، «باھادىرنامە»، «تارىخى رەشىدى» قاتارلىق ئەسەرلەر ۋە يېقىنقى يىللاردا جۇڭگودا كۆپلۈك تەسىر قوزغىغان يازغۇچى جياڭ رۇڭنىڭ «بۆرە توتېمى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى؛ چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن «دون كىخوت»، «رەقىبلەر ۋە ئىتتىپاقداشلار»، «ئۇلۇغ يول» قاتارلىقلارنى ئوقۇدۇم. كىتاب ئوقۇش ــ ئادەمنى غەم ـ ئەندىشىدىن ساقلايدىغان، ئەقىل ـ پاراسەت توپلايدىغان، نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا پايدىلىق ئۇلۇغ ئىش؛ ئادەمنىڭ ئىدىيەسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان، ھەتتا دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە بىر خىل پائالىيەت. مەن ئوقۇغان كىتابلار ئاز ئەمەس، ئۇلارنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ خېلى چوڭقۇر. قىسقىسى، مەن ئوقۇغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى دۇنيا قارىشىمغا، قىممەت قارىشىمغا، جەمئىيەت قارىشىمغا، جۈملىدىن كىشىلىك تۇرمۇشۇمغا، يەنى جەمئىيەتتە قانداق ئورۇن تۇتۇش، بالىلارنى قانداق تەربىيەلەشتىن ئىبارەت خۇسۇسىي ئىشلىرىمغىمۇ ئاز ـ تولا ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.

سوئال: بىر قىسىم ياشلار ئوتتۇرىغا قويغان «ئۇيغۇرچە كىتابلارنى ئوقۇماسلىق كېرەك» دەيدىغان تەشەببۇسقا قانداق قارايسىز؟

مۇھەممەدجان راشىدىن: مەن بۇ تەشەببۇسنىڭ قانداق مەنبە، سەۋەبلەردىن ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى چۈشەنمىدىم. مۇكەممەل تىل، يېزىقى بار بىر مىللەتنىڭ يېتەرلىك كىتابلىرى بارلىقىدا شۇبھە يوق تۇرۇقلۇق، بۇ تەشەببۇسنىڭ قوبۇلۇشى ئەسلا ئورۇنلۇق ئەمەس.

ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي: «ئۇيغۇرچە كىتابلارنى ئوقۇماسلىق كېرەك» دېگەن ناتوغرا تەشەببۇس ئىكەن. مۇنداق تەشەببۇسنى ئەسلا قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ.

ئابدۇرازاق سايىم: «ئۇيغۇرچە كىتابلارنى ئوقۇماسلىق كېرەك» دېگەن بۇ قاراش تولىمۇ يەڭگىللىك بىلەن ئېيتىلغان بىمەنە قاراشتۇر. مۇشۇ جۈملىنىڭ ئۆزىدىلا بىر مۇجمەللىك كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. زادى ئۇيغۇرچە كىتابلارنى ئوقۇماسلىق كېرەكمۇ ياكى ئۇيغۇرلار يازغان كىتابلارنى ئوقۇماسلىق كېرەكمۇ؟ بۇنى ئېيتقان كىشى سۆزىدىكى مۇجمەللىكنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېتىپ، ئاندىن بېشىنى سوغۇق سۇدا راۋۇس چايقىۋېتىپ، تىنچىقىنا ئولتۇرۇپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ كۆرسە، يەڭگىلتەكلىك بىلەن «ئاغزىمغا كەلدى» دەپ سۆزلەۋېرىشنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ. «سۆزلىگۈچىدە ئەيىب يوق، ئاڭلىغۇچى ئىبرەت ئالسۇن» دېگەن بويىچە، بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، بۇ ھەقتىكى ئارتۇقچە مۇنازىرىنى توختاتساق، دەيمەن.

سوئال: ئىلگىرى نەشر قىلىنغان ۋە ھازىر نەشر قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە كىتابلار كىشىلەرنىڭ بىلىم، ئۇچۇر، يېڭىلىققا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالامدۇ؟ بۇ جەھەتتە نەشرىياتلاردىن يەنە نېمىلەرنى كۈتىمىز؟

مۇھەممەدجان راشىدىن: ھازىر نەشرىياتلاردىن چىقىۋاتقان ئۇيغۇرچە كىتابلار كىشىلەرنىڭ بىلىم، ئۇچۇر، يېڭىلىققا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالىشى ناتايىن. چۈنكى، ئالدىنقى بىر مەزگىل ئەدەبىي كىتابلار كۆپ نەشر قىلىندى، ئەسلىي زۆرۈرىيەتتىن ئېيتقاندا، تەبىئىي پەن بىلىملىرىگە ئائىت كىتابلار كۆپ نەشر قىلىنىشى لازىم ئىدى. شۇڭا، ھازىر تەبىئىي پەن قوللانمىلىرىنى كۆپلەپ نەشر قىلىشتىن ئازماسلىق كېرەك.

ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي: بۇ چاغقىچە نەشر قىلىنغان ۋە نۆۋەتتە نەشر قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە كىتابلار كىشىلىرىمىزنىڭ بىلىم ئىگىلەش، يېڭى ئىلىم ئۇچۇرلىرىدىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇش ئېھتىياجىنى ئومۇمىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا قاندۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، دەپ قارايمەن. بەك قانمىغانلارنىڭ تەشنالىقىنى ئىنتېرنېت تورى ۋە ئۈندىدارلار ياردەم قىلىپ قاندۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. نەشرىياتلىرىمىز ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى

www.uyghurkitap.com



«رەڭگا ـ رەڭ ئېھتىياجلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى قاندۇرۇپ كېتەلمىدىڭ» دەپ ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. بىراق، نەشرىياتلىرىمىزدىمۇ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلار بار ئوخشايدۇ. مەسىلەن، مەن مەرھۇم تىلشۇناس ئۇستاز خەمىت تۆمۈر ئەپەندى بىلەن بىللە 1979 ـ يىلى رەسمىي ئىشلەشنى باشلاپ، 1992 ـ يىلى پۈتكۈزۈپ نەشرگە تاپشۇرغان «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (600 مىڭ خەتلىك يىرىك ئەسەر) بۈگۈنكى كۈنگىچە نەشردىن چىقمايۋاتىدۇ...

ئىگىلىشىمچە، جۇڭگودا چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىنى ھەقىقىي بىلىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. لېكىن، يا ئەرەب تىلىنى ئۇقمايدىغان، يا پارس تىلىنى بىلمەيدىغان، ھەتتا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي بىلىملىرىنىمۇ ئۆگىنىپ باقمىغان ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ، ئۇنى بىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋالغان كىشىلەر خېلى بار... نەشرىيات ئورۇنلىرى نەشر تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىشنى باھانە قىلىپ، ۋەسىقىلەر تەرجىمىسىنىڭ ئاخىرىغا ۋەسىقىنىڭ تولۇق تېكىستلىك فاكسىمىلىنى كىرگۈزمەيۋاتىدۇ. شۇنداق بولغاچ، تەرجىمىنىڭ توغرا ياكى خاتا بولغانلىقىنى ئوقۇرمەنلەر بىلەلمەيدۇ. ئالايلۇق، خەلقىمىز 30 يىلدىن بۇيان ئوقۇپ ۋە شۇ چاغقىچە ئالتە ـ يەتتە قېتىم قايتا بېسىلغان مەشھۇر ئەسەر «تارىخى ھەمىدي»نىڭ تەرجىمىسىدىمۇ بىرمۇنچە خاتالىقلارغا يول قويۇلغان (مىسال قىسقارتىلدى ــــ مۇھەررىر). مېنىڭچە، خاتالىقنى تۈزىتىش ياخشى پەزىلەت.

بىلىش لازىمكى، «تارىخى ھەمىدي» قاتارلىق ۋەسىقىلەر ئەمەلىيەتتە، دۇنياۋى كىلاسسىك ئەسەرلەر قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ قول يازما نۇسخىسى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ بار. ھالبۇكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ مۇرەككەپ شەكلى بولغان چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان شۇ قەدەر قىممەتلىك كىتابنىڭ يېشىم ـ تەرجىمىسىنىمۇ توغرا قىلالمىساق ۋە توغرا ـ دۇرۇس نەشر قىلالمىساق، يۈزىمىزگىمۇ، ئۆزىمىزگىمۇ سەت. شۇڭا، نەشرىياتچىلىرىمىز بۇندىن كېيىن ۋەسىقە ئەسەرلەر نەشرىدە ئەجدادلارغىمۇ، ئەۋلادلارغىمۇ جاۋاب بېرەلەيدىغان بولسا، مەسئۇلىيەتچان بولسا، دېگەن سەمىمىي ئۈمىدتىمەن.

ئابدۇرازاق سايىم: بىلىم ــــ يېغىلىنىپ تۇرىدىغان نەرسە، بۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. بىزدىلا ئەمەس، دۇنيادىكى بارلىق ئەللەردە نەشر قىلىنغان كىتابلار قانچىلا بولسۇن كىشىلەرنىڭ بىلىمگە بولغان ئېھتىياجى ۋە تەشنالىقىنى ھەرگىز قاندۇرالىغان ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ. نەشرىيات خىزمىتىنىڭ داۋاملىق كۈچەيتىلىشى، مۇھەررىر ۋە تەھرىراتلارغا بولغان تەلەپنىڭ ئۆسۈشى، كىتابلارنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىغا، بېسىلىش سۈپىتىگە قويۇلغان تەلەپنىڭ ئىزچىل زورىيىپ مېڭىۋاتقانلىقىنى ھەممىمىز ئوبدان بىلىمىز.

نەشرىياتلاردىن قانداق ئۈمىدلەرنى كۈتۈش مەسىلىسىگە كەلسەك، ھەركىمنىڭ ئۈمىدى بىر ـ بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، نەشرىياتلار مۇنداق بىرنەچچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك: يەنى، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرى بويىچە نەشر ھوقۇقىنى مۇستەھكەم يۈرگۈزۈشى، ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي سۈپىتىگە ئېتىبار بېرىشى، ئوقۇرمەنلەرگە ھەقىقىي نەپ بېرەلەيدىغان ئەسەرلەرلا بولىدىكەن ۋاقتىدا چىقىرىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىل كىتابلارغا بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇشقا تىرىشىشى؛ ناچار، پۇچەك ئەسەرلەرنى بازارغا سېلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. نەشرىيات مەمۇرىي تارماقلىرى ۋە نەشرىياتلار ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ يېزىقىدا نەشر قىلىنىدىغان كىتابلارنى كۆپلەپ نەشر قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

سوئال: كىتاب ئوقۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتتە كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈش ھەققىدە قانداق يېڭى تەكلىپ ياكى مەسلىھەتلىرىڭىز بار؟

ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي: مۇنازىرە، مۇزاكىرە ۋە مۇھاكىمىلەر ئارقىلىق، «ھەر ئۆيدە ئەڭ ئاز بولغاندا بىردىن كىتاب ئىشكاپى بولۇش، ھەر بىر ئۇيغۇردا كۈندە بىر سائەت كىتاب ئوقۇش ئادىتى بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى زېرىكمەي ـ تېرىكمەي تەشەببۇس قىلىشىمىز لازىم، دەپ قارايمەن.

ئابدۇرازاق سايىم: كىتاب ئوقۇش ــــ كىشىنى خۇشاللىققا ئېرىشتۈرىدىغان، تەسەۋۋۇرنى كېڭەيتىدىغان، بىلىم زاپىسىنى موللاشتۇرىدىغان پائالىيەت. ساۋاتلىق ئىنسان ئۈچۈن كىتاب ئوقۇماسلىق گويا ئاش ـ تائام يېمىگەن بىلەن باراۋەر. كىتاب ئوقۇمىغان ئادەم كىتابتىن تاپىدىغان خۇشاللىقنى بىلمەيدۇ. ھەركىم ئۆزى كىتاب يازالىشى ناتايىن، ئەمما باشقا ئىشلارنى قىلىپ

پۇل تاپالىشى مۇمكىن. شۇ پۇلدىن ئازراق ئايرىپ، ئۆزى
ياكى پەرزەنتىنىڭ تېخىمۇ كۆپ خۇشاللىقغا، تېخىمۇ
كۆپ بايلىققا ئېرىشىشى ئۈچۈن خەجلەپ قويسا، هامان
بۇنىڭ مەنپەئەتىنى كۆرمەي قالمايدۇ. كىتاب ئوقۇش
كىشىگە هۇزۇر بېغىشلايدىغان شەرەپلىك بىر ئىشكى،
هەرگىز نومۇس قىلىدىغان ئىش ئەمەس!

مېنىڭچە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كىتاب ئوقۇش
قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئانچە قىيىنغا توختى-
مايدۇ. هازىر ئۇيغۇر ياشلىرى ئىنتېرنېت تور ئالاقى-
سى، مىكرو بىلوگ، ئۈندىدار قاتارلىق ۋاستىلەر ئار-
قىلىق، ئاۋازلىق ئەسەر، PDFلانغان كىتاب قاتارلىق
تالاي ماتېرىياللارنى چۈشۈرۈپ كۆرىدىغان، بىر - بىرى-
گە يوللاپ تەڭ بەھرىلىنىدىغان بولدى، ھەتتا دۇنيانىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدا شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە نېمە بولۇۋاتقا-
نلىقىنى بىلىپ تۇرالايدىغان بولدى. بۇمۇ بىر خىل كى-
تاب ئوقۇش پائالىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بۇلارنى
كىتاب سېتىۋېلىپ ئوقۇيدىغانلار بىلەن قوشۇپ ھې-
سابلايدىغان بولساق، كىتاب ئوقۇيدىغانلار نىسبىتى
ئۈنچىۋالا تۆۋەن چىقماسلىقىمۇ مۇمكىن. قانداقلا بول-
سۇن، بىر مىللەتكە نىسبەتەن «كىتاب ئوقۇش»نى تە-
شەببۇس قىلىش، كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى
كۆتۈرۈش ئىنتايىن ياخشى ئەھۋال. كىتاب ئوقۇش ئالدى
بىلەن ھەر كىمنىڭ ئاڭلىقلىقىغا ئايلىنىشى، ئۇنىڭدىن
قالسا ئۆزىگە خۇشاللىق، بەخت - سائادەت ۋە بايلىق ئې-
لىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىش كېرەك.
ھەركىمنىڭ كاللىسىدا «كىتاب ئوقۇش»تىن ئىبارەت
چۈشەنچە پەيدا بولسا ھەم بۇ ئاممىۋى ئېقىمغا ئايلانسا،
سېتىۋالغان كىتابىمۇ ئوقۇرمەنگە ھەقىقەتەن نەپ ئاتا
قىلالىسا، ئۆزلۈكىدىن ئاۋاقلاپ قالمايلا كىشىلەردە كىتاب ئوقۇش
قىزغىنلىقى كۈچىيىدۇ. ھالبۇكى، كىتاب ئوقۇش مەڭ-
گۈلۈك پائالىيەت بولۇشى، ئايلىق ياكى يىللىق دېيىل-
مەسلىكى لازىم. ئەلۋەتتە، ھازىرقى تەشەببۇس كىتاب
ئوقۇش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ بىر باش-
لىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

سوئال: سىزنىڭچە، كىتاب ئوقۇشنىڭ توغرا ئۇسۇ-
لى قانداق؟ بۇ جەھەتتە قانداق تەجرىبىلىرىڭىز بار؟

ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي: ئەگەر «كىتاب ئو-
قۇشتىن مەقسەت — ئۇنىڭدىن پايدا ئېلىش، نەپ كۆ-
رۈش» دېگەننى ئۆلچەم قىلساق، بۇ ھالدا، خاتىرە يېزىش
بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلى — ئەڭ
بەھرىلىك كىتاب ئوقۇش بولىدۇ. بىزنىڭ ئۆسمۈرلۈك -
ياشلىق دەۋرىمىزدە كىتابلار ھازىرقىدەك مول ئەمەس
ئىدى. ئەمما، ئارزۇيىمىزدىكى كىتابنى تاپساقلا، ئۇنى
بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچىدىكى
بىزگە يارىغان پىكىر - بايانلارنى دەپتىرىمىزگە خاتىرى-
لەپ ماڭاتتۇق. بۇ خاتىرىلىرىمىز يىغىلىش - ئۆلتۈ-
رۈشلاردا، سورۇنلاردا بەك ئەسقاتاتتى... ئەڭ مۇھىمى،
كۆچۈرۈپ يېزىش جەريانىدا ئۇ پىكىرلەر مېڭىمىزگە
ئورناپ كېتەتتى. ھازىرقى زاماندا خەت خاتىرىلەيدىغان
ماشىنىلار ناھايىتى كۆپ. شۇنداقتىمۇ، تەكلىپىمىز
شۇ: ھېچ نەرسە ئۆز قولى بىلەن يازغانغا يەتمەيدۇ. ساڭا
يارىغان ئۇ زاكۇن ۋە ئۇ مەندار پىكىر - بايانلار كۆچۈ-
رۈپ يېزىۋاتقان قولۇڭ ئارقىلىق كاللاڭغىمۇ خاتىرىلە-
نىدۇ ھەم ئېسىڭدىن ئاسان چىقىپ كەتمەيدۇ. ئىشەنمى-
سەڭ، سىناپ باق، قېرىندىشىم!

ئابدۇرازاق سايىم: بۇ سوئالغا ئۇنداق ياكى مۇنداق
دەپ جاۋاب بېرىش مېنىڭچە تازا ئىلمىلىك بولمىسا
كېرەك. چۈنكى، ھەر كىمنىڭ ئۆزىنىڭ ۋاقتىغا، ئائىلە
شارائىتىغا، تۇرمۇش ئادىتىگە، سالامەتلىك ئەھۋالىغا ۋە
باشقا تەرەپتىكى ئارتۇقچىلىق، يېتەرسىزلىكلىرىگە قا-
راپ ئادەتلەنگەن ئۇسۇلى بولىدۇ ھەم ھەممىسىنىڭ ئۆ-
زىگە لايىق ئىلمىي ئاساسلىرى بولىدۇ. كونكرېت سۆز-
لەشتىن بۇرۇن ھەرقانداق بىر ئادەمدە، بولۇپمۇ ياش -
ئۆسمۈرلەردە كىتاب ئوقۇش ئېڭىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىنى،
كىتاب ئوقۇشنىڭ ھەر كىمنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلى-
شىدە ئىنتايىن ئاكتىپ رول ئوينايدىغانلىقىنى چۈشى-
نىشىنى سەممىيلىك بىلەن ئۆتۈنىمەن.

كىتاب ئوقۇش ھەققىدىكى مېنىڭ تەۋسىيەم مۇن-
داق: كىتاب تاللاشتا، ئاۋۋال كىتابنىڭ كىرىش سۆز ۋە
مۇندەرىجىسىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىش، شۇ كىتاب-
تىن ئۆزى مۇناسىپ نەپ ئالالايدىغان - ئالالمايدىغانلى-
قىنى ئويلىشىش، ئاندىن سېتىۋېلىش ۋە مۇئەييەن مۇد-
دەت ئىچىدە چوقۇم ئوقۇپ تۈگىتىش؛ شۇنىڭدەك ئوقۇ-
غان كىتابتىكى مۇھىم دەپ قارىغان جۈملىلەر، ئاب-
زاسلار ئاستىغا سىزىپ مېڭىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش
ياكى ئۇنىڭدىن خاتىرە قالدۇرۇش؛ تەسىرات يېزىش، ئۆ-
زىگە ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن مۇۋاپىق سورۇنلاردا
سۆزلەپ، باشقىلارنىمۇ ئۆزى بىلەن تەڭ بەھرىلەندۈرۈش
كېرەك.





## سىنىڭسىز بۇ ھايات

مەريەم ھامىدىن

ئازابىنىڭ رەڭگىدە بويالدى قېنىق،
چۈشلەرنىڭ كۆزىگە چىلاندى دۇنيا؛
ياپراقلار لېۋىدە يالتىرار شەبنەم،
سېنىڭسىز بۇ ھايات كۆرۈنەر غۇۋا.

ئالدىراپ ماڭدى تاڭلار خوشلىشىپ،
كۈيلەرمۇ ئۆتمۈشتەك تۇرمايدۇ يىغلاپ...
ياشلىرىم شېئىر بوپ كەلسە قۇرمۇ قۇر،
بۇلبۇلمۇ ئۇنلەشتىن قالىدۇ توختاپ.

ھاياتلىق پېچىدە تاۋلاندى ھەممە،
تۇنلەردە يېزىلدى ئوتلۇق لىرىكا.
ھەسرەتنىڭ قولىدىن چىقسامۇ سىرغىپ،
گۈلخاندەك كۆيىدۇ ئوتلۇق ئىلتىجا.

ئاپتورى توقسۇ ناھىيە تامتوغراق
يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى



## ئادەم سەن

گۈلبوستان پازىل ۋاسلى

ئادەم سەن ھاۋايى ـ ھەۋەسنى ئۇنۇت،
ئەمگىكىڭ ـ ئەجرىڭدىن ئىزدە بەخت ـ قۇت؛
قاقشىما ئۆزگىدىن، ئويلىغىن چوڭقۇر،
تەقدىرىڭ قولۇڭدا، تىزگىنىنى چىڭ تۇت!

ئادەم سەن ھاۋايى ـ ھەۋەسنى ئۇنۇت،
بولمىغىن كۆكتىكى يامغۇرسىز بۇلۇت؛
پاك ياشا بىر ئۆمۈر، تارتساڭمۇ جاپا،
مېۋىدەك قەلبىڭگە چۈشۈرمە قۇرۇت.

ئادەم سەن ھاۋايى ـ ھەۋەسنى ئۇنۇت،
مۇھەببەت ـ سۆيگۈدە يېڭىلمەستىن ئۆت!
ساداقەت، ۋاپاغا قوشكېزەك بەخت،
قەلبىڭدە نۇر بولسۇن، ئالەمنى يورۇت!

ئاپتورى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە بارىن
2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى



## مەن بۇگۈن تەنھا

مەلىكە مۇھەممەت

ھەسرىتىمنى يۇتۇپ ئىچىمگە،
ئازابلىق ياش ئېلىپ كۆزۈمگە،
ھىجرانىمنى يۇدۇپ ئۆزۈمگە،
قالدىم جانان سەن ئۈچۈن تەنھا.

ساڭا مۇنچە يىغلىماس ئىدىم،
پاك سۆيگۈمنى خارلىماس ئىدىم،
پىغانىمغا زارلىماس ئىدىم،
«سۆيگۈ...» دەپلا مەن بۇگۈن تەنھا.

قىينىماي دەپ ئاشىق يۈرەكنى،
ئىككى تەندە بىرلا تىلەكنى،
تاشلىماق بوپ ساختا بېزەكنى،
پاك دىل ئۈچۈن مەن بۇگۈن تەنھا.

ئوت يۈرىكىم ساڭا ئامانەت،
سەن بەختىنىڭ قىرغىقىغا يەت،
ئازابىڭنى ماڭا بېرىپ كەت...
ھىجرانىڭدا مەن ئۆتەي تەنھا.

كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلىسەم ئاران،
كۆز ياشلىرىم تۆكۈلەر تارام،
سېنىڭسىز بۇ ھاياتىم ھارام،
بىر سەن ئۈچۈن ياشايمەن تەنھا.

ئاپتورى غەربىي جەنۇب مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئېلېكتىر ـ ئۇچۇر ئىنژېنېرلىقى 2103 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى



## ئىككى شېئىر

پەرىدە ياقۇپ

### تاللىشىم

بىرياندا تۇز،
بىر ياندا دۇنيا،
دىل ئېچىشار سۆيگەن يارىم يوق؛
ھەممە تاشلاپ كېتەر ئوخشاشلا
كېلىپ تېگەر غايىبانە ئوق!

بىر ياندا زەھەر،
بىر ياندا ھاياتلىق؛
مەن ھاياتلىقنى تاللىدىم —
ھەي ي ي... زەھەردىن ئاچچىق!

### سەن كەتمە

گۈللىرىم تامامەن تىكەنگە پاتتى،
مېنى قۇچاقلىماس ھېچكىمنىڭ تېنى؛
مەن بىر تال ئاپپاق گۈلمەن — مۇڭ باسقان
ئاقمىدى ئۇستۇمگە ئاشىقنىڭ قېنى.

تاشلايمەن بەرگىمنى كۆللەرگە بىر ـ بىر
سۆي مېنى، روھىمنى ئالىقىنىڭغا ئال؛
ھەممىسى ئەگىشىپ كەتسۇن شامالغا
سەن كەتمە، كەتمىگىن، يۈرىكىمدە قال ...

ئاپتورى پىچان ناھىيە دالانكارىز يېزا
گومباز كەنتىدە



# گۈلۈم

14 ـ سان

خانىم ـ قىز ئەدىبلەر ئەدەبىيات مۇنبىرى



## رەسسام بولسام

بېلقىز تۇرسۇنتوختى (سۇبھى)

سىزىپ چىقسام قەلبىم تەكتىگە،
گۈزەللىكنىڭ كۆرۈنسە ئەينەن.
پۈتۈپ چىقسا گۈزەل بىر رەسىم،
كۆرەرسەنمۇ يۈرىكنىڭ بىلەن؟

ئوت تۇتاشسا قايتا كۆڭۈلگە،
قالسا پەقەت سېنىڭ رەسىمىڭ...
رەسسام بولسام، بىر سېنى سىزسام،
تىنچلىنارمۇ يۈرىكىم مېنىڭ؟

كۆرۈنۈشۈڭ گۈزەل بىر دۇنيا،
سىغمىغاندا سىزسام، قانمىسام...
مەۋجۇتلۇقۇڭ بەختىمگە رەڭداش،
بەخت رەڭدىن بىر سېنى سىزسام...

ئاپتورى قاراقاش ناھىيە ئاقساراي يېزىـ
لىق باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى



## گۈزەل سىما

گۈلباھار مۇھەممەد ماھى

بىر ئۇتۇق لەھزىدە تىترەيدۇ يۈرەك،
توقۇلار ئۇنىڭدا ساماۋى چۆچەك؛
گۈللەرمۇ باش ئېگەر نازاكىتىڭگە،
تېپىلماس جاھاندا سېنىڭدىن بۆلەك.

تۇرقۇڭ ــ گۈل، روھىڭ ــ گۈل، ئىزلىرىڭمۇ گۈل،
سەن ماڭغان كوچىنى ھىدلايدۇ ئاشىق؛
شۇنچىلىك مېھىرلىك ئوتلۇق كۆزلىرىڭ،
لاۋۇلداپ يانىدۇ ھەتتاكى ياشلىق.

سەن ئۈچۈن يۇلتۇزلار قىسار كۆزىنى،
سەن ئۈچۈن ئېچىلار تىلسىملىق ئىشىك؛
سېنى دەپ تامىدۇ تىللاردىن سۆيگۈ،
تۇمەنمىڭ نازىنىن قىلىدۇ رەشىك.

ئاپتورى ئاتۇش شەھەر ئازاق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى



## ساڭا تۇراي يانمۇيان

گۈلنىساخان ئىمىن گۈلخان

سەنسىزلىكىمگە قوقاسلار بايان،
ئوتتىكى قىلدا ھالىمدۇر ئايان.
تىكەنلەر يوم ـ يوم قالدى ئىزىمدا،
مەنزىللىرىڭنى قىلدىڭ بىپايان.
چۆلنىڭ يېشىدا سايەمنى كۆردۈم،
يىرتىپ ياقامنى مەن باراي قايان؟
شامۇ سەھەردە كۆكلىگەن نالەم،
پەلەككە يەتسە باسارمۇ قىيان؟
غېرىب بېشىمنى نىياز ئەيلىدىم،
پايەڭ قايىدىدۇر ماڭاي شۇ سايان.
ۋەسلىڭنى ماڭا قىلسا ئىرادە،
تەۋرەپ كەتمىگەي قىل ئۇيان ـ بۇيان.
قەدەملىرىمگە يەتسە گەر ئەجەل،
تىلىدىم، ساڭا تۇراي يانمۇيان.

ئاپتورى چىرا ناھىيەلىك 2 ـ ئوتتۇرا
مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى



## رۇبائىيلار

ئامىنە ئابدۇۋايىت (تاجىك)

ئەزىزىم، باغرىڭدا مەن ئەركە كېپىنەك،
پەنىرىم قولۇمدا، سەن ئاتا پىلەك.
سەن ياققاچ قەلبىمگە غايىۋى بىر ئوت،
شۇ ئوتتىن سۆيۈنۈپ يۈرىمەن تىرىك.

* * *

ئۆمرىمىز ئۆتەركەن گۈزەللىك ئىزدەپ،
«چىمەنلەر ئىچىدە نازۇك چىمەن...» دەپ.
گۈزەللىك ئەكىلەر ھاياتقا ھۇزۇر،
باسالماس ئورنىنى ھوقۇق، پايدا ـ نەپ.

* * *

گۈلى يوق باغلارنىڭ زىننىتى بولماس،
مېھنەتسىز بايلىقنىڭ قىممىتى بولماس.
ئەجرىڭدىن گۈل قىلغىن ۋەتەن قوينىنى،
تۆھپىسى يوقلارنىڭ ئىززىتى بولماس.

* * *

ئىنسانلار بولغاچقا سۆيۈملۈك جاھان،
دۇنيانىڭ زىننىتى ــ يارىشقى ئىنسان.
دۇنيانى ئۆزگەرتكەن ئەقىل، تەپەككۇر...
تەر، ئەجىر ۋەجىدىن دۇنيا گۈلىستان.

* * *

دۇنياغا مېھمان بىز، ياخشى يۈرگۈلۈك،
تىرىشىپ، ئىزدىنىپ سىرىن بىلگۈلۈك.
ئاسمانغا قارىتىپ تۈكۈرسەڭ ئەگەر،
يۈزۈڭگە چۈشسە ئۇ، نېمە دېگۈلۈك؟

* * *

بىلىمىم، پاكلىقىم ــ قىممىتىم مېنىڭ،
غۇرۇرنى ئۆگەتتى مىللىتىم مېنىڭ.
تەمە ھەم كىبىردىن يىراقمەن، يىراق،
شۇڭلاشقا زىيادە دۆلىتىم مېنىڭ!

* * *

پامىرىم قوينۇڭدا مەن ئەركە كېپىنەك،
غۇرۇرۇم بولغاچ سەن بېشىم، قەددىم تىك.
سۆيۈڭدە تەڭ ئېقىپ، ئوتۇڭدا كۆيمىسەم...
ئۆلگىنىم مىڭ ياخشى يۈرگەندىن تىرىك.

ئاپتورى ئاقتو ناھىيەلىك ئۇيغۇر
تېبابەت دوختۇرخانىسىدا

www.uyghurkitap.com






# «چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى» شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدە زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى

— شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇتەللىپ مەتتوختى بىلەن سۆھبەت

مۇھەممەدسالىھ مەتروزى

(مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتى شىنجاڭ شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى)

مۇھەررىردىن: «چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى» 1999 - يىلى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى دۆلەتلىك تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىقى بىلەن بىرلىشىپ يولغا قويغان چېگرا رايون قۇرۇلۇشى بولۇپ، دائىرىسىگە مەملىكىتىمىزدىكى قۇرۇقلۇق ئارقىلىق چېگرالىنىدىغان 135 ناھىيە (خوشۇن، شەھەر، شەھەرلەرگە بىۋاسىتە قاراشلىق رايونلار) ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدىكى 58 تۇەن - مەيدان كىرگۈزۈلگەن. بۇ «ھەرىكەت» چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈش ۋە چېگرا رايونلاردىكى خەلقنى بېيىتىشنى باش مەقسەت قىلغان.

ئېلىمىزنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى چېگرا سىزىقى شەرقتە لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ دەندۇڭ شەھىرىدىكى يالۇجياڭ دەرياسى ئېغىزى، غەربتە گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىدىكى فاڭچېڭگاڭ شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى دەريا بوغۇزىغىچە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 22 مىڭ كىلومېتىر بولۇپ، 16 دۆلەت ۋە رايون بىلەن تۇتىشىدۇ. قۇرۇقلۇقتىكى چېگرا رايونلار توققۇز ئۆلكە (رايون)دىكى 135 چېگرا ناھىيە (خوشۇن، شەھەر، شەھەرگە بىۋاسىتە قاراشلىق رايون، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي تېررىتورىيەلىك جايلار 107) بولۇپ، يەر مەيدانى تەخمىنەن 1 مىليون 930 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 21 مىليون بولۇپ، يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىگىلەيدۇ.

«چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى» يولغا قويۇلغان 15 يىلدىن بېرى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە، چېگرا رايونلاردىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئاممىنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى. مەركەز مالىيەسى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، زور مىقداردىكى مەبلەغنى چېگرا رايونلارغا سېلىشقا يېتەكلەپ ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بىر تۈركۈم مەخسۇس تۈرلەرنى يولغا قويدى. چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتلىرى قۇرۇلۇپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك روشەن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدە يولغا قويۇلۇپ كېلىنىۋاتقان «چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى» تۈرىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ژۇرنىلىمىز يېقىندا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇتەللىپ مەتتوختىنى مەخسۇس زىيارەت قىلدى.





مۇھەممەدسالىھ مەتروزى: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ «چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى»دە قانداق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.

مۇتەللىپ مەتتوختى: دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىقى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىلىق، 2009 - يىلى بىڭتۈەنىنىڭ چېگرادىكى 58 تۈەن - مەيدانى دۆلەتنىڭ «چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى» بويىچە مەبلەغ جەھەتتە قوللاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى، شۇنىڭ بىلەن «چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى» بىڭتۈەندە ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. بىز تېپىلغۇسىز بۇ تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، «ئىككى ئورتاق» تېمىسى ۋە «خەلقنى بېيىتىش، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپتۇرۇش، ئىناق ئۆتۈش» نىشانىنى چۆرىدەپ، «چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى»نى بىڭتۈەننى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئومۇمىي نىشان، ئومۇمىي پىلان ۋە ئومۇمىي پىكىر ئىچىدە پىلانلىدۇق؛ چېگرادىكى تۈەن - مەيدانلارنى ئاساسلىق جەڭ مەيدانى قىلىپ، رولىمىزنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.

*بىرىنچىدىن، ئىقتىساد تېز تەرەققىي قىلدى.* چېگرادىكى تۈەن - مەيدانلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى « 12- بەش يىل»دا دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى مۇرەككەپ ئىقتىسادىي ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، بىڭتۈەن پارتكومىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە «مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش، ئىلگىرىلەش داۋامىدا ئۆزگىرىش ياساش، ھەم ياخشى، ھەم تېز بولۇش» تەلىپى بويىچە، «چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى»نى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ كاپالەتكە ئىگە قىلدى ۋە ياخشىلىدى. بۇنىڭ بىلەن چېگرا رايوننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرى ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قالدى. 2013 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بىڭتۈەنىنىڭ چېگرادىكى 58 تۈەن - مەيدانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 18 مىليارد 574 مىليون يۈەن بولۇپ، 2010 - يىلىدىكىدىن 103% ئاشتى؛ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 35 مىڭ 832 يۈەن بولۇپ، 2010 - يىلىدىكىدىن 94.1% ئاشتى؛ ئۈچ كەسىپنىڭ نىسبىتى 2010 - يىلىدىكى 58.9:21.4:19.7دىن 45.6:35.3:19.1گە تەڭشەلدى؛ جەمئىيەتنىڭ مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسى 15 مىليارد 460 مىليون يۈەن بولۇپ، 2010 - يىلىدىكىدىن 213% ئاشتى؛ ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليارد 365 مىليون يۈەن بولۇپ، 2010 - يىلىدىكىدىن 43.9% ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسىپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى بىلەن يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ نىسبىتى 1:1 بولدى. ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالىدا رېكورت يارىتىلدى، ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ۋە مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسى تېز كۆپەيدى. تۈەن - مەيدانلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە پايدا ئېلىش ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارى، ئۆزى جۇغلاش ۋە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئاشتى.



***ئىككىنچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى يەنىمۇ ئۆستى.*** چېگرادىكى تۇەن - مەيدانلاردىكى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشچىلىرى ئائىلىلىرىنىڭ ساپ كىرىمى 16 مىڭ 577 يۈەن بولۇپ، 2010 - يىلدىكىدىن 38% ئاشتى. 295 مىڭ ئائىلە، 47 مىڭ 100 ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىملىك سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ، پىلاندىكى ۋەزىپە ئۇتۇقلۇق تاماملاندى. شەھەر - بازارلاردىكى «كاپالەتلىك ئەمەن ئۆي قۇرۇلۇشى»دىن 93 مىڭ 400 ئائىلىلىك، يېزىلاردىكى ئەمەن ئۆي قۇرۇلۇشىدىن 33 مىڭ 86 ئائىلىلىك، چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن 2478 ئائىلىلىك نەپكە ئېرىشتى. كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بويىچە بىڭتۇەن، شى، تۇەندىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك سىستېما ئاساسىي جەھەتتىن بەرپا قىلىندى؛ داۋالاش، قۇتقۇزۇش سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىندى. بىڭتۇەن، شى، تۇەن، لىيەندىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك داۋالاش ئاپپاراتىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستى؛ تۇەن - مەيدانلاردا ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە توك يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى ئاساسەن ئورۇنلىنىپ بولدى، سىملىق تېلېۋىزىيە سىگنالىنىڭ قاپلاش نىسبىتى 94%كە يەتتى. مەھەللە مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى تېز ئىلگىرى سۈرۈلدى، 21 مىليون 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 13 تۇەن - مەيداندا مەھەللە مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى ئىشلىنىپ، چېگرادىكى تۇەن - مەيدانلاردىكى مەھەللىلەرنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، مۇلازىمىتى تېخىمۇ قولايلىقلاشتى ھەم تېزلەشتى. كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى سىستېمىسى قۇرۇلۇشى پۇختا ئىشلەندى، 41 مىليون 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 12 تۇەن - مەيداندا ياشانغانلار ساناتورىيەسى، ئۈچ تۇەن - مەيداندا مەھەللە «ياشانغانلار كۈندۈزى كۈتۈنۈش مەركىزى» قۇرۇلۇشى تورى يولغا قويۇلۇپ، چېگرادىكى تۇەن - مەيدانلارنىڭ كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى؛ 80 ياشتىن ئاشقانلارغا تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلىپ، چېگرادىكى تۇەن - مەيدانلاردىكى ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇشى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولدى. چېگرادىكى تۇەن - مەيدانلاردىكى كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىدىن 8000ى يېڭىدىن ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا يېڭىدىن 15 مىڭ ئادەم قاتناشتى، چېگرادىكى تۇەن - مەيدانلاردا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنىڭ قاپلاش نىسبىتى 98.17%كە يېتىپ، 95% قاپلاش نىشانى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنلاندى.

***ئۈچىنچى، ئۇل ئەسلىھەلەر يەنىمۇ مۇكەممەللەشتى.*** 2 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 427 كىلومېتىرلىق 12 غول تاشيول قۇرۇلۇشى تورى ئىشلەندى؛ 620 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 610 كىلومېتىرلىق چېگرا مۇداپىئە ۋە چېگرادىكى تۇەن - مەيدانلاردىكى يىڭ، لىيەنلەرنى تۇتاشتۇرۇش تاشيول قۇرۇلۇشى تورىدىن 76سى پۈتتى؛ ھەر يىلى 30 مىليون يۈەندىن مەبلەغ سېلىنىپ، چېگرادىكى تۇەن - مەيدانلاردىكى غول تاشيولنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش قۇرۇلۇشى، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە ھادىسىلەردە جىددىي رېمونت قىلىش يانداش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى؛ لىيەن - دۈي يوللىرى ھەمدە چېگرادىكى تۇەن - مەيدانلار يولۇچىلار بېكىتى، يۈك بېكىتى ۋە تورى قۇرۇلۇشلىرى پۈتتى. چېگرادىكى تۇەن - مەيدانلاردىن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول تۇتاشقانلىرى 2010 - يىلدىكى ئىككىدىن بەشكە كۆپەيدى، 2 - دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيول تۇتاشقان تۇەن - مەيدان 17دىن 23كە كۆپەيدى؛ چېگرادىكى تۇەن - مەيدانلاردىن چىقىدىغان ھەممە يول ئاسفالتلاشتۇرۇلدى، 85% دېھقانچىلىق لىيەن - دۈيلىرىگە ئاسفالت يول تۇتاشتۇرۇلدى؛ 100% چارۋىچىلىق لىيەن - دۈيلىرىگە شېغىل تاشلىق يول تۇتاشتۇرۇلدى، چېگرادىكى ئاسفالت يول تۇ-

تاشتۇرۇلغان تۈەن – مەيدان ۋە لېيەن – دۆيلەردە يولۇچىلار ئاپتوبۇسى ئاساسەن قاتنىدى، شېغىل تاشلىق يول تۇتاشتۇرۇلغان چارۋىچىلىق لېيەن – دۆيلىرىدە موتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ قاتنىشى ئەمەلگە ئاشتى. چېگرادىكى تۈەن – مەيدانلاردىن يېڭى، لېيەنلەرگە تۇتاشقان تاشيوللاردىكى مۇلازىمەت سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆستى، بۇنىڭ بىلەن چېگرادىكى تۈەن – مەيدانلاردىكى ئىشچى – خىزمەتچىلەرنىڭ قاتناش شارائىتى ياخشىلاندى. 4 مىليارد 110 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان چېگرادىكى تۈەن – مەيدانلارنىڭ كاپالەتلىك ئۆي قۇرۇلۇشى، يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى ۋە كۆچمەن چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بويىچە 128 مىڭ 964 يۈرۈش ئۆي پۈتتى؛ «چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش قۇرۇلۇشى» بويىچە مەركەزنىڭ خام چوتىدىكى 38 مىليون يۈەن مەبلىغى ئەمەلىيلىشىپ، «چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش قۇرۇلۇشى»نىڭ ياندىش ئۆل ئەسلىھەلەر تۈرى قۇرۇلۇشى ئىشلەندى؛ 133 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، چېگرادىكى تۈەن – مەيدانلار ئۆل ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئىشلەندى؛ 1 مىليارد 470 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، شەھەر – بازارلاردىكى كاپالەتلىك ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ ياندىش ئۆل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى تۈرىدىن 82سى ئىشلەندى؛ 992 مىليون 990 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، چېگرادىكى 58 تۈەن – مەيدان بازىرىنىڭ ئۆل ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى ئىشلىنىپ، سۇ بىلەن تەمىنلەش تورۇبىسىدىن 238 كىلومېتىر، يۇندى تورۇبىسىدىن 351 كىلومېتىر، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش تورۇبىسىدىن 316 كىلومېتىر ياتقۇزۇلدى؛ بازار يوللىرىدىن 108 كىلومېتىر ياسىلىپ، ئاپتوموبىل يولىنىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 5 مىليون 528 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر بولدى. چېگرادىكى تۈەن – مەيدانلارنىڭ ئېلېكتىر قۇرۇلۇشىغا 169 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، توك يەتكۈزۈلمىگەن 11 مىڭ 862 ئائىلىنىڭ توك ئىشلىتىش مەسىلىسى تەلتۆكۈس ھەل قىلىندى. يېزا ئېلېكتىر تورىنى ئۆزگەرتىش ۋە يېزىلارغا توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، چېگرادىكى كۆپ ساندىكى تۈەن – مەيدانلارنىڭ توك ئىشلىتىشتىكى قىيىن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ، تۈەن – مەيدانلاردا ھەممە لېيەنلەرگە توك يەتكۈزۈش ئەمەلگە ئاشتى؛ 71 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، چېگرادىكى تۈەن – مەيدانلاردا ئومۇمىي گېنېراتورلار سىغىمى 14 مىڭ 760 كىلوۋاتلىق ئالتە سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى سېلىندى، كىچىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى قۇرۇلۇشى ۋە يېزىلارنى ئېلېكترلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى چېگرادىكى تۈەن – مەيدانلاردا توك يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. چېگرادىكى 58 تۈەن – مەيداندا ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىدىغان يەر مەيدانى 3 مىليون 380 مىڭ مو، تېجەپ سۇغىرىلىدىغان يەر مەيدانى 2 مىليون 670 مىڭ موغا يېتىپ، يېزا ئىگىلىكىدە سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كوئېففىتسىيېنتى 0.5591گە يەتتى.

*تۆتىنچى، ئىجتىمائىي ئىشلار يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى.* پەن – تېخنىكىدا يېتەكلىق يارىتىش جەھەتتە، 61 مىليون 328 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، چېگرادىكى تۈەن – مەيدانلارنىڭ پەن – تېخنىكا ئاساسىي شارائىتىنى ياخشىلاشقا، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ پەن – تېخنىكىدا يېتەكلىق يارىتىشىغا مەدەت بېرىلدى؛ پەن – تېخنىكا خاس ۋەكىلى سىناق نۇقتىسى تۈرىدىن87سى يولغا قويۇلۇپ، يۇقىرى ھوسۇللۇق زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈش، ئۇرۇقلۇق ئىشلەش، تېجەپ سۇغىرىش، باقمىچىلىق قاتارلىق 224 يېڭى تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇلدى؛ 760 پەن – تېخنىكا خاس ۋەكىلى 12 شىنىڭ چېگرادىكى تۈەن – مەيدانلىرىغا تېخنىكا بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش، كېڭەيتىش، تەربىيەلەش ۋە مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئەۋەتىلدى. 500 نەچچە قارار كۇرس ئېچىلىپ، كەسپىي تېخنىكا خادىمى ۋە پەن – تېخنىكا ئارقىلىق بېيىش باشلامچىلىرىدىن 21 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم)، ئىشچى – خىزمەتچىلەردىن 103 مىڭ 300 ئادەم (قېتىم) تەربىيەلەندى؛ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ماتېرىياللىرىدىن 222 مىڭ پارچە تارقىتىپ بېرىلدى، 18 مىڭ 200 ئائىلىلىك دېھقان يېتەكلەندى.

**مائارىپ جەھەتتە**، مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى مەكتەپلەرنىڭ شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. 168 مىليون 770 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 14 تۈەن – مەيداندا ئوتتۇرا – باشلانغۇچ مەكتەپلەر بىنالىرىنىڭ بىخەتەرلىك قۇرۇلۇشى، يەتتە تۈەن – مەيداندا يەسلى قۇرۇلۇشى، 23 تۈەن – مەيداندا ئوقۇتقۇچىلار ئۆيى قۇرۇلۇشى، 12 تۈەن – مەيداندا غەربىي رايون يېزا مەك-

www.uyghurkitap.com








تەپلىرى بىنالىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى مەكتەپلەر ئۇل ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى تۈرلىرى ئىشلەندى.

**مەدەنىيەت جەھەتتە،** مەدەنىيەت، رادىيو - تېلېۋىزىيە مۇلازىمىتى ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. مەدەنىيەت مەركىزىدىن سەككىزى، دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى كۆرگەزمە مەركىزىدىن بىرى قۇرۇلدى، ئۈچ تۈەن - مەيداننىڭ مۇزېيى (كۆرگەزمىخانىسى) دۆلەتنىڭ ھەقسىز ئېچىۋېتىش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈپ، ھەقسىز ئېچىۋېتىش ئۈچۈن ھەر يىلى 300 مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجرىتىلدى. «رادىيو - تېلېۋىزىيە سىگنالىنى كەنتلەرگە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى»غا 6 مىليون 960 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، سۈنئىي ھەمراھتىن قوبۇل قىلىش ئۈسكۈنىسىدىن 21مىڭ 615ى تارقىتىپ بېرىلىپ، رادىيو - تېلېۋىزىيە سىگنالى قاپلىمىغان 842 جايدىكى قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى ئورۇنلىنىپ، رادىيو - تېلېۋىزىيە سىگنالى قاپلىنىغان ئائىلىلەر 13 مىڭ 883 كە، ئاھالىلەر 44 مىڭ 677 گە يەتكۈزۈلدى؛ سىملىق تېلېۋىزىيە تورى قۇرۇلۇشىغا 29 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، رادىيو - تېلېۋىزىيە سىگناللىرىنى تاغلاردا سىمسىز تارقىتىش ئىستانسىسى (پونكىتى) ئۇل ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىغا 17 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىندى.

**داۋالاش - ساقلىق ساقلاش جەھەتتە،** ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمىتى سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 83 مىليون 680 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 25 تۈەن - مەيداندا دوختۇرخانا، سەككىز ليەن - دۈيدە شىپاخانا، 20 تۈەن - مەيداندا جىددىي قۇتقۇزۇش سىستېمىسى، ئىككى تۈەن - مەيداندا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۈنى داۋالاش ئەسلىھەسى، 24 تۈەن - مەيداندا ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆيى ۋە ئۈچ تۈەن - مەيداندا پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمىتى سىستېمىسى قاتارلىق ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسى تۈرلىرى ئىشلەندى. ئاساسىي دورىلارنى پايدا ئالماي سېتىش ياردەم مەبلىغى چېگرادىكى 58 تۈەن - مەيداننى تولۇق قاپلىدى؛ چېگرادىكى 58 تۈەن - مەيداندا جەمئىي 2711 نەپەر ساقلىق ساقلاش خادىمى بار بولۇپ، ھەر مىڭ ئادەمگە 6.25تىن توغرا كېلىپ، ھەر 1000 ئادەمگە بەشتىن كەم بولماسلىق نىشانى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشتى.

*بەشىنچى، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەر تېز تەرەققىي قىلدى.* چېگرادىكى تۈەن - مەيدانلاردا يېزا ئىگىلىك بازىسىدىن 520سى، پارنىكتىن 4640ى، نەسىللىك قوي - كالا قوتانلىرىدىن 1 مىليون 870 مىڭ كىۋادرات مېتىر، خاس، زىيانسىز، ئورگانىك مېۋىچىلىكتىن ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسىدىن 85ى، شال مايسىسى يېتىشتۈرىدىغان زاۋۇتلاشقان ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسىدىن بىرى يېڭىدىن قۇرۇلدى. 21 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، چېگرادىكى تۈەن - مەيدانلاردىكى 13 ئورۇندىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى ۋە توققۇز ئورۇندىكى ئاشلىق ساقلاش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى تەقسىملەش ۋە سوغۇق يەتكۈزۈش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىلدى. پاتقاق گازى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ھاسىلىي ئېنېرگىيەنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە قىلىندى. 810 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، چېگرادىكى تۈەن - مەيدانلاردا پاتقاق گازى مۇلازىمەت پونكىتى (نۇقتىسى)دىن توققۇزى قۇرۇلدى؛ 1 مىليارد 80 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئۈزۈم ھارىقى ياساش، ئورگانىك توخۇ كەسپى، چىلان





پىششىقلاپ ئىشلەش، خاس قۇرۇق مېۋىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرلىرى پۈتۈپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا - جابدۇقلىرى ۋە ھۈنەر - سەنئەت سەۋىيەسى ئۆستى، مەھسۇلاتلارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىنىش دەرىجىسى ۋە قوشۇلما قىممىتى ئاشتى، كارخانىلار ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ بازاردىكى رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى كۈچەيدى.

*ئالتىنچى، مۇقىملىقنى ساقلاش، چېگرانى قوغداش ئىقتىدارى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى.* بىڭتۇەننىڭ يېڭىچە تۈەن - مەيدان قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، «ئامانلىقنى ساقلاش، مىللەتلەر ئىناقلىقى، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق، خەلققە مۇلازىمەت قىلىش» قاتارلىق خاسلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن «خەلقنى سۆيۈش، چېگرانى مۇستەھكەملەشتىكى نەمۇنىچى لىيەن - دۈي»، «مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىدىكى ئۈلگىلىك لىيەن - دۈي، تۈەن - مەيدان» قۇرۇلۇشى قانات يايدۇرۇلدى. 2013 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 193 لىيەن - دۈي «خەلقنى سۆيۈش، چېگرانى مۇستەھكەملەشتىكى نەمۇنىچى لىيەن - دۈي»، 80 لىيەن - دۈي «چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش بويىچە ئۈلگىلىك لىيەن»، 77 ئورۇن «چېگرا رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە ئۈلگىلىك ئورۇن» بولۇپ باھالاندى. لى مېڭتاۋ، جياڭ ۋەنفۇ، مېي لىيەن، ما جۇنۇۋ، لى چېڭچۈندەك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئۈلگىلىك شەخس ۋە چېگرانى قوغدىغۇچىلار بارلىققا كەلدى. سىياسىي - قانۇن بويىچە ئاساسىي قۇرۇلۇش كۈچەيتىلىپ، تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ئۈزۈكسىز ئاشتى. 34 چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىنىڭ مۇقىملىقنى ساقلاش، چېگرانى مۇستەھكەملەش رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. ئېكولوگىيەنى قوغداش رولى پائال جارى قىلدۇرۇلۇپ، تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمانلىقى قۇرۇلۇشى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئېكولوگىيەنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئاشتى، چېگرادىكى تۈەن - مەيدانلارنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 7.5%كە يەتتى.

مۇھەممەدسالىھ مەتروزى: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بۇنىڭدىن كېيىن «چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى»دە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى قانداق مۇستەھكەملەيدۇ؟ بۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرسىڭىز.

مۇتەللىپ مەتتوختى: بىز كېيىنكى قەدەمدە دۆلەت ۋە بىڭتۇەننىڭ تەلىپى بويىچە قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىدىن پائال پايدىلىنىپ، «مۇقىملاشتۇرغۇچ، چوڭ پېچ، ئۈلگىلىك رايون» بولۇشتەك رولىمىزنى كۈچەپ جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىمىزگە بېسىم بېرىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش سىياسىتىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، چېگرادىكى تۈەن - مەيدانلاردىكى تېخىمۇ كۆپ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشىمىز.

مەزكۇر سەھىپىنىڭ ھەر ۋاقىت ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرى: 8533288 (0991)

ئالاھىدە ئەسكەرتىش: مەزكۇر سەھىپىگە بېرىلىدىغان زىيارەت ماقالىلىرىگە ھېچقانداق ھەق ئېلىنمايدۇ، بۇ خىل زىيارەت ماقالىسىنى تەھرىراتىمىز ئۆزى تەييارلايدۇ، باشقىلارنىڭ تەييارلىشىغا ھاۋالە قىلمايدۇ.

# ئەل - ئاۋامنىڭ نەزىرىدە «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى



غەيرەت ئاسىم

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاتاقلىق يازغۇچى)

مەن «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ قىزغىن ئوقۇرمىنى. ھەر بىر سان «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ۋاراقلىغىنىمدا، رەڭگارەڭ گۈل - چېچەكلەرگە تولغان مىسلىسىز گۈزەل بىر باغقا كىرىپ قالغاندەك ئۆزگىچە خۇشال ھېسلارغا چۆمۈلىمەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك: «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى، ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنى كۆپ تەرەپتىن تەشۋىق قىلىدىغان دۆلەت دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال نەشر ئەپكارى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ يىلدىن - يىلغا سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز زورىيىپ ھەم رەڭدارلىشىپ، جەلپكار بىر دەستە گۈلدىن بۈگۈنكىدەك چىرايلىق بوستانلىققا ئايلىنىشى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مىللىتىمىزنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىغا ۋە باشقا بارلىق تەرەپلىرىگە ئەڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنىڭ ۋە سەمىمىي غەمخورلۇق قىلىۋاتقانلىقىنىڭ جانلىق ئىپادىسى. ئوقۇرمەنلەر بۇ ژۇرنالنىڭ «بىرىنجى كۆزنەك»، «مەركەزدىن كەلگەن سادا»، «مىللەت ۋە تەتقىقات» قاتارلىق نوپۇزلۇق سەھىپىلىرىدىكى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ، مىللەت تەتقىقاتى ۋە مىللىي مەدەنىيەت ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇھىم سۆزلىرى، كۆرسەتمىلىرى ھەم يېڭى - يېڭى كۆز قاراشلىرىدىن ۋاقتى - ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ تۇرغاندىن باشقا، «ئىناقلىق مېلودىيەسى»، «دوستلۇق ئالبومى»، «مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ» قاتارلىق سەھىپىلەردە جۇلالانغان مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ رەڭدار كارتىنىلىرى بىلەن ئۇچراشقىنىمدا ناھايىتى جانلىق بولغان بىر قېتىملىق دەرسكە قاتناشقاندەك، كۆز ئالدى تېخىمۇ يورۇپ كەتكەندەك ئىللىق سېزىم ھەم ئىزگۈ خىياللارغا ئەسىر بولىدۇ؛ «سۆھبەت»، «سالام، دېھقانلار!» قاتارلىق يېڭى سەھىپىلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن روياپقا چىقىپ، دىيارىمىزدىكى مىللەتلەر ئىشلىرى ۋە خەلق تۇرمۇشىدا ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىۋاتقان ئىناق ۋە ياخشى بىر ۋەزىيەتنى ئاساسىي قاتلامدىكى رەھبەر ھەم كادىرلارنىڭ بايانلىرى، دېھقانلارنىڭ ئاۋازى ئارقىلىق ئەمەلىي ھەم توغرا ئوتتۇرىغا قويۇشقا يۈزلەنگەنلىكى بولسا مىللەت ۋە خەلق تۇرمۇشىدىن ئىبارەت زۆرۈر تېمىنىڭ تېخىمۇ ئىزچىللىشىپ، تاكامۇللىشىۋاتقانلىقىنى سۆيۈنۈش ئىچىدە ھېس قىلدۇرىدۇ.

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى ئېلىمىز مىللەتلەر خىزمىتىگە ئائىت كۆپ تەرەپلىمىلىك تەشۋىقاتنى ئېلىپ بارغاندا، قانداقتۇر شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارغىلا مۇناسىۋەتلىك بولغان زۆرۈر تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بېرىش ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنىلا مەركەزلىك ئىپادىلەشنى ئاساس قىلماستىن، بەلكى ئېلىمىز ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرگە ئائىت كەڭ دائىرىلىك ھەم سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇش، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق زەپەر مارشىنى ياڭرىتىش، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئىش - ھەرىكىتى ئارقىلىق ھەر جەھەتتە نەمۇنە بولۇۋاتقان ھەر ساھە مۇنەۋۋەر شەخسلىرىمىزنىڭ ئەھمىيەتلىك ھايات كارتىنىلىرىنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتتىمۇ كۆرۈنەرلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەۋاتىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى ئەدەبىي بەتلىرىنىڭ سەرخىللىقى ۋە جانلىقلىقى بۇرۇندىنلا ئوقۇرمەنلەرگە ئايدىڭ. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىكى سانلىرىدا يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان «مىللەتلەر خىزمىتى ئۇچۇرلىرى»، «يىللار ۋە ئادەملەر»، «گۈلۈم»، «مەن ئۇچراشقان كىشىلەر»، «يۇلغۇن چېچىكى»، «ژۇرنىلىمىز بايقىغان يېڭى يۇلتۇزلار»، «كىروران رەسىم كارىدورى»،

«كۈسەن مەدەنىيەت تەتقىقاتى مۇنبىرى»، «نۇتۇق ۋە ناتىقلىق»، «دۇنياغا نەزەر»، «ئەدىبلەر مۇنداق دەيدۇ»، «باشقىلارنىڭ نەزەرىدىكى بىز»، «تۆھپىكارلار مۇنبىرى» قاتارلىق بىر تۈركۈم يېڭى سەھىپىلەردىكى مول مەزمۇنلارنىڭ سالمىقى ۋە جەلپ قىلارلىقى ئادەمنى خۇش قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئېلىمىز مىللەتلەر خىزمىتىدىكى ئەڭ يېڭى خەۋەرلەرنى ۋە ئۇچۇرلارنى خەلقىمىزگە يەتكۈزۈش، ئېلىمىزدىكى 56 مىللەتنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت باش ئىدىيەنى ھەر ۋاقىت مۇھىم ئورۇنغا قويۇش، مىللەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان كۆپ خىل ھەم يېڭى تېمىلاردا سەرخىل ماقالىلەرنى ئېلان قىلىش، داڭلىق ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەھۋالىنى ئۇقتىلىق تونۇشتۇرۇش، ئىجادىيەت ئىزچىللىقى نىسبەتەن تۆۋەن بولۇۋاتقان خانىم - قىز ئاپتورلىرىمىز ئۈچۈن مەخسۇس سەھىپە ئېچىپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى قوللاش قاتارلىق بىر قاتار تەرەپلەردە ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ۋە بۇ ژۇرنالدىكى جاپاكەش مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ھاياتىمىز، تۇرمۇشىمىز ھەم ئەدەبىياتىمىز ئېھتىياجلىق بولغان ھەرخىل بوشلۇقلارنى بايقاشتا نەقەدەر سىنچى ۋە تەدبىركار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى بىلەن قەلبىمىزنى خۇرسەنلىككە چۆمۈلدۈرمەي قالمايدۇ. ئومۇمەن، بۇ مۇبارەك ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرلىرىنىڭ «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى دېگەن بۇ كاتتا نامغا ۋە داڭلىق ماركىغا لايىق ژۇرنال باشقۇرۇش ئەندىزىسى بويىچە زور ھەم ئەھمىيەتلىك تىرىشچانلىقلارنى، بېھىساپ ئەجىرلىرىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ھەر بىر سان ژۇرنالنىڭ مول مەزمۇنلۇق ھەم رەڭدار بەتلىرىدىن ئېنىق ھېس قىلالايمىز.

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ نەتىجىلىرى زور، لېكىن زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەت تېخىمۇ ئېغىر. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ژۇرنالغا قويىدىغان تەلىپى بارغانسېرى يۇقىرى، ئېھتىياجى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، ئەلۋەتتە. نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بولغان تەلەپنى ۋە مىللىتىمىز دۇچ كېلىۋاتقان بەزى تەرەپلەردىكى كىرىزىسلارنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. بولۇپمۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي ئاشقۇنلۇق ھەر مىللەت ئامىمىسىنىڭ ھاياتىغا، تۇرمۇشىنىڭ تىنچ ۋە خاتىرجەملىكىگە، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا مۆلچەرلىگۈسىز تەھدىت شەكىللەندۈرمەكتە. گەرچە بۇ ۋاقىتلىق مەسىلە بولسىمۇ، ئەگەر ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە سەزگۈر بولمىغاندا، مىللىي ۋە دىنىي ساھەدىكى زىددىيەتلەرنى تۇپتىن ھەل قىلمىغاندا بۇنىڭ ئاسارىتى يۈرىكىمىزدە ئۇزاققىچە ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، مەن ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىغا مىللەت ۋە دىنىي ساھەدىكى نوپۇزلۇق شەخسلەرنىڭ نۆۋەتتىكى تۈرلۈك نازۇك مەسىلىلەر ھەققىدە كۆزقاراش ھەم پىكىرلىرىنى بايان قىلىدىغان نوپۇزلۇق، يېڭى سەھىپىلەرنىمۇ ئېچىپ، مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئۆزىنىڭ مۇھىم بۇرچىنى تېخىمۇ ئۈتۈقلۇق ئادا قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئاخىرىدا ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قەدەملىرىگە يەنىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھەمراھ بولۇشىنى تىلەيمەن!



## يالقۇن روزى

(شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدىن، ئاتاقلىق ئوبزورچى)

ماڭا «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ «ياخشىسى بىزنى تاللىسۇن، بىزمۇ ياخشىسىنى تاللايمىز!» دېگەن ژۇرنال باشقۇرۇش ئىدىيەسى يارايدۇ. سەرخىل ژۇرناللار سەرخىل ماقالە - ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشنى ئادەت قىلىشى كېرەك. قىممەت ئېگىزلىكى يۈكسەك بولمىغاندا، بولار - بولماس يازمىلار يامراپ كېتىدۇ. مۇنداق ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈشى ژۇرنالنى تۈگەشتۈرىدۇ، ئوقۇرمەنلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. گەرچە «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى ئارىلىقتا بىر مەزگىل ئۆزىنىڭ ژۇرنال باشقۇرۇشتىكى قىممەت ئېگىزلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋەتكەن بولسىمۇ، مەن ژۇرنالنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى سانلىرىدىن، ئۆزىنىڭ تەلەپچانلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق ئىستىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. ژۇرنالنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن!

www.uyghurkitap.com





### ئەنۋەر ھوشۇر

(خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، ئاتاقلىق ئوبزورچى)

«جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ يىرىك قامۇسى، كۆڭۈل ئەلچىسى، ئىزدىنىش سەپىرىدىكى تەشنا قەلبلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان ئالتۇن كۆۋرۈك؛ مىللىي يۈكسىلىشنىڭ «ئېچىل داستىخىنى» ۋە زەپەر مارشى، ئەسىر قايناملىرىدا يول ئىزدەۋاتقان تىرىشچان خەلقىمىزنىڭ ئۈمۈدى ـ ئەنئەنىلەردىن ئوزۇق ئېلىپ، ئەتراپىغا نەزەر سېلىش ۋە كەلگۈسىگە يۈزلىنىشىدىكى سۈزۈك كۆزنەك. ئۇنىڭ 27 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىنى «ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش»تىن ئىبارەت ئىككى سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. نەتىجە ــ تىرىشچانلارغا، شۇنداقلا تىرىشقانلارغا مەنسۇپ. بۇ قارىشىمىزنى ژۇرنالنىڭ كۆز بىلەن كۆرگىلى ۋە قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان ئەمەلىي نەتىجىلىرى پاكىتلىق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. مەن «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئۆز شەجەرىسىگە قۇرداش قىزغىن ئوقۇرمىنى ۋە سادىق ئاپتورى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ژۇرنالنىڭ ئەقىدىلىك خىزمەتلىرىدىن تولىمۇ رازى.

«يول ــ ماڭغانسىرى كېڭىيىدۇ»، ئەل بەختىنى كۆزلىگەن ساپ ئەقىدە ھەرگىز يەردە قالمايدۇ. بىزدە «ئادەم ئەتكەننى خان ئەت» دەيدىغان ماقال بار. «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى مېنى تاللاپتۇ، بۇ مېنىڭ تەلىيىم ۋە بەختىم؛ ئېنىقكى، ئەڭ ياخشى ئەسەرلىرىم بۇ ژۇرنالنى تاللايدۇ، بۇ مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم ۋە قەرزىم!



### مەۋلۇت ئىبراھىم

(شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى 107.4 سەنئەت رادىيوسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن رىياسەتچىسى)

ھاياتىمىزدا نۇرغۇن تاللاشلارغا دۇچ كېلىمىز، بۇ تاللاشلار ئىچىدىكى بەزىلىرى ھايات يولىمىزغا ماياك بولۇپ، سىزنى مۇۋەپپەقىيەت چوققىلىرىغا قاراپ ئۈرلەتسە، يەنە بەزىلىرى مەنىۋى تەشنالىقىمىزنى قاندۇرۇپ، تەپەككۇرىمىزغا قۇۋۋەت بېرەلەيدۇ. «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ رەڭدار سەھىپىلىرى، مىللىي مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇشنىڭ بارلىق تەرەپلىرىگە توختىلىدىغان سەرخىل ماقالە ـ ئەسەرلىرى بىلەن مېنىڭ تاللىشىمغا ئايلانغاندىن بۇيان، تۇرمۇش، خىزمەت ۋە كەسپىمدە ئاجايىپ چوڭ رول ئويناپ كەلدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇنىڭ ھەر بىر سانى قولۇمغا تەگكەندە، ئەڭ يېقىن بىر سىردىشىم بىلەن ئۇچراشقاندەك خۇشاللىققا چۆمىمەن. بىر ـ بىرىدىن سەرخىل ماقالە ـ ئەسەرلەرنى كۈچلۈك تەشنالىق ۋە زور ئىنتىزارلىق ئىچىدە ئوقۇپ چىقىمەن. ھەتتا بەزىدە بۇ ژۇرنالنى خۇددى بىرسى قولۇمدىن تارتىپ كېتىدىغاندەك «قىزغىنىپ» تۇرۇپ ئوقۇپ كېتىدىغان چاغلىرىممۇ خېلى كۆپ بولىدۇ.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى كەسكىن رىقابەت قوينىدا ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى بارغانسېرى نامايان قىلىپ، تېخىمۇ روشەن چاقنىدى. مەزمۇنىدىكى يېڭىلىق، مۇقاۋا لايىھەلەشتىن تارتىپ، ئىچ بەتلىرىگىچە بولغان رەڭدارلىق بەلكىم ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە تېخىمۇ مەپتۇن قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەجىر ھەرگىز يەردە قالمايدۇ. بۇندىن كېيىن «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ ئالدىن تاللىشىغا مۇيەسسەر بولۇشىنى تىلەيمەن!



# چۈش، دەرەخ ۋە جىمجىتلىق

ئايىنىسا سۇلايمان

## چۈش، دەرەخ ۋە جىمجىتلىق

چۈشلەرنىڭ قۇرۇقلۇقىغا قايتالمايمەن،
ھايات — ئۈنتۇلىدىغان گۈزەل رىۋايەت.
يوللارنىڭ ئاخىرى قاپقارا ھىجران،
گۈگۈملاردا سانسىز جىنايەت.

ياز ھىدى گۈپۈلدەپ تۇرار قارلاردىن،
قاراقلاردا بار بىرلا نىگاھ.
گەر چۈشكە ئايلانسام — زۇلمەت بىر چۈشكە،
بولالمايدۇ ھېچكىم پاناھگاھ.

ھەر سۈبھىدە سۈزۈك شامالار،
گەر ئۇرۇلسا يۈرەككە پىنھان؛
ئوخشار كۆزۈم كىمنىڭ كۆزىگە،
بېردەلەمدىم ئاڭا ئىمتىھان؟

بىر دەرەخ مەن — ئۇنتۇلۇپ كەتكەن،
چۈش ئىچىدە چۈشلەرگە قاراپ؛
كۈنلەر —
ئېقىۋاتقان سۇدۇر بەھەيۋەت،
ھاياتىمنى خورىتار يالماپ.

سوئاللارغا تولغان ئالىمىم،
جاۋابىم يوق ئاڭا بەرگۈدەك.
مېنىڭ دەرىخىم
تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ ئاخىر،
قالىدۇ ۋەلېكىن ئوتتەك بىر يۈرەك!
قالىدۇ بىر ئوتنىڭ غۇۋا يالقۇنى،
قالىدۇ بىر ئىسىم تاتلىق بىر چۈشتەك.

مەڭگۈلۈك جىمجىتلىق ئالسا قوينىغا،
ھاياتنى يالغانغا چىقىرار كىملەر؟
كەچ كۈزدە ياتىدۇ يېنىك بىشارەت،
ھەممە ئۆز - ئۆزىگە قىلىدۇ سەپەر.

يوللاردا ھەر بارە مالامەت تېشى،
سىنايدۇ ئىنسانىنى قارا چۈشلەردە؛
سەۋرىمدىن ھاياتقا ئاقىمەن نۇردەك،
ئېھ، مەيلى بەرمىسۇن دۇنيا ھېچنېمە.

مەن بىر دەرەخ،
بىلمەيمەن كىملەرگە چۈشىدۇ سايەم؟
چۈشلەردە بىر ھىجران، غايەت بىر يوقلۇق.
قەيەرگە يېزىلدى مېنىڭ رىسالەم؟
قارىسام ھەممىسى مەڭگۈلۈك بوشلۇق.

مەۋجۇتلۇق قانچىلىك سۈرىدۇ دەۋران؟
ئۇ بەلكىم بىر چۈشتۇر ياكى بىر خىيال.
ئۆزۈمگە قايتىۋاتقان جىمجىت ئاۋازمەن،
ئۆزۈمدە ماگارمەن تۇزۇپ بىمالال.

## ۋەھىمە

يوقلۇق — يوللىرىمدا يالقۇنلىغان ئوت،
يوقلۇق — يۈرىكىمنى غاجىلاپ تۇرغان؛
باياۋان چۈشلىرىمنى ئوۋلايدۇ مەغرۇر،
قېنى مەندىكى شۇ سۈزۈك ئىمكان؟

قەلبىمنى ئالەمچە يايسام تۈنلەرگە،
تۈنلەردە مىڭ يىللىق ھىجران ياتىدۇ.
چۈشلەرنىڭ ھەممىسى يالغاندۇر بەلكىم،
شۇ ئوتلۇق قۇياشمۇ ھامان پاتىدۇ.

پاتىمەن يوقلۇققا ئۇن - تىنسىز ئاخىر،
ئىزدىمەس ھېچكىشى مېنى يىللاردىن؛
بىر تىنىق ئىچىمدە كۆكلەر باراقسان،
يىراقلاپ كېتىمەن ئاتەش دىللاردىن.

يوقلۇق كېزىپ يۈرەر ئاسمان - پەلەكنى،
يوقلۇق — ئىچىمگە لىق تولغان ئاۋاز.
قورقىمەن بەك ئۇزاق ئازابلىنىشتىن،
روھىم ئۆز - ئۆزىگە قىلمىسا پەرۋاز.

قورقىمەن ئۆزۈمگە بەرمەستىن ئىزاھ،
ئۇنتۇلۇپ كېتىشتىن ئەسلەردىن تامام؛
بىر ئانا ياشايدۇ بالا قەلبىدە،
بۇ ھايات چۈش كەبى قىلغاندا داۋام...

## گۈگۈم لىرىكىسى

ئۆزۈمگە كۆيۈۋاتقان بىر پارچە ئوت مەن،
چېقىلار چۈشۈمنىڭ قارا رەڭلىرى.
زارىقىپ كۈتۈشلەر — گۈزەل بەرباتلىق،
ياندىكى ئىشىكنىڭ چېكىلىشلىرى.

يوللاردا ئۇچۇپ يۈرگەن ئاخىرقى شامال،
ئۈچىنچى شەخستەك ئۆتەر سوقۇلۇپ؛
تامچىلاپ تۇرىدۇ كۆكۈلگە مىسكىن،
چۈشىسمان بىر كەچمىش ئۇندا ئۇۋۇلۇپ.

دېڭىزمەن ئىچىمدە تاشالمايۋاتقان،
بىر ئۆركەش تېنىمنى تۇرىدۇ يالماپ؛
ئېھ، بىر تۈپ دەرەخ بار كۆككە بوي سوزغان،
مەن بارچە مېھرىمنى بەرگەن ئاۋايلاپ...

چۈش كەبى يوق بولار ھەممە ئاقىۋەت،
گۈگۈم، ئۇ — مەڭگۈلۈك پىنھان غېرىبلىق:
بىر گۈزەل ئايالنىڭ كۈتۈشلىرىدە،
چاراسلاپ يانىدۇ جىمجىت بىر تىنىق.

ھاياتىم گوياكى كۆيۈۋاتقان شام،
ئۇ ھامان تۈگەيدۇ قىسمەتلەر ئارا.
ئۆلۈم، ئۇ — ئۆزاشتۇر بارچە - بارچىدىن،
نېمە مەندە بارى، ئېيتقىن، ئەي، دۇنيا؟

ئاپتورى كېرىيە ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




شىركەت باش دىرېكتورى: مۇھەممەتئەلى ماخمۇت









## «گۈلقەقە» ماركىلىق يېشىل يېمەكلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىستېمال قىلىڭ!

ئۈرۈمچى «ئالتۇن كۈز» يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى بازارغا سالغان «گۈلقەقە قۇۋۋەت ناشتىلىقلىرى» دىيارىمىزدىن چىقىدىغان ياڭاق مېغىزى، ئۆرۈك مېغىزى، بادام مېغىزى، قىزىل ئۈزۈم، ساپ ھەسەل، زەپەر، بۇغا مۈڭگۈزى قاتارلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار خام ئەشيا قىلىنىپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ساغلاملىق قۇۋۋەت يېمەكلىكلىرىدۇر. «گۈلقەقە» ماركىلىق يېشىل يېمەكلىكلەر ئاشقازاننى ياخشىلاپ، ئۈچەي يوللىرىنى راۋانلاشتۇرىدۇ؛ مېڭىنى قۇۋۋەتلەپ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى كۈچەيتىدۇ؛ بەدەننى قۇۋۋەتلەپ، پۇت - قول تېلىپ ئاغرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ؛ جىگەرنىڭ ئىقتىدارىنى ياخشىلاپ، قاندىكى مايلارنى پارچىلاپ، قان ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرىدۇ؛ بالىلارغا كالتسىي تولۇقلايدۇ...

بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ تەمى ئۆزگىچە، ئوراپ - قاچىلىنىشى كۆركەم، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولۇپ، ئائىلىلەردە ئىستېمال قىلىشقا، سەپەردە ھەمراھ قىلىشقا، دىلكەشلەرگە كۆڭۈل سوۋغىسى قىلىشقا تازا ماس كېلىدۇ.

## «گۈلقەقە قۇۋۋەت مەھسۇلاتلىرى» سىزگە ھەمراھ بولسۇن!

شىركەت ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى داۋەن كەنت 3 - ئەترەت 2 - C4

ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 13899232360 13999400023















سۈرەتتە: كامىلجان تۇنىياز دەرس تەييارلاش بىلەن مەشغۇل بولماقتا.

# «كامىلجاننىڭ قارا سومكىسى» ناملىق شېئىرىم ھەققىدە

ھۆرىيەت مۇھەممەت

«دۇنيادا ئىنساننىڭ ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇسۇل ئىنتايىن كۆپ، كىشىلەرگە باھا بېرىشمۇ شۇنداق. لېكىن، تۇيۇقسىزلا ئادەمنىڭ تۇيغۇ ئالىمىنى ۋاللىدە يورۇتۇپ، كۆڭۈل يىپلىرىنى ئىنسانىي پەزىلەت ھەم ساپلىق بىلەن مەھكەم باغلاپ، كىملىك ۋە ئۆزلۈك ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلاندۇرۇپ، ھاياتنىڭ ۋە ياشاشنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ھېس قىلدۇرىدىغان كىشىلىرىمىز ناھايىتى ئاز. مانا مۇشۇ ئاز ئادەملەر ئارىسىدا ماڭا ھەمىشە ئۆگىنىش ۋە كىتاب ئوقۇشنىڭ مۇھىملىقىنى، ۋاقىتنىڭ ئالاھىدە قىممىتىنى تونۇتىدىغان، ھەر دائىم ئۇچراتساملا كىتابلىرى ئېغىزلىرىدىن كۆرۈنۈپ قالىدىغان قارا سومكا ئاسقان كامىلجان مېنى نۇرغۇن خىياللارغا غەرق قىلىدىغان بىر ئادەم.

كامىلجان ـــ 1970 ـ يىللاردىن كېيىن تۇغۇلغان، 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئەدەبىيات سەھنىسىدە كۆرۈنۈشكە باشلىغان ئاددىي بىر ئوقۇتقۇچى. ئۇ كىتاب بار ئۆيدە تۇغۇلغان، كىچىككىدىنلا دادىسىغا ئەگىشىپ كىتاب ئوقۇغان. ئۇ ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتىدە بەلگىلىك يېڭىلىق يارىتىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرسىگە ئايلانغان ياش شائىر ئادىل تۇنىيازنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى، ياخشى قوللىغۇچىسى ۋە مەسلەكدىشى.

مەن ئۇنىڭ بىلەن 2000 ـ يىللاردا ئەدەبىيات ئاشىنالىرى جەم بولغان سورۇندا تونۇشقانىدىم. ئۇنىڭ ھېكمەت پۇراپ تۇرىدىغان پىكرى، كەسكىن ۋە مۇلايىم كۆزقارىشى، شېئىرىيەتكە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتى، ئەدەبىيات يېڭىلىقلىرىغا بولغان تۇيغۇنلۇقى مېنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرغانىدى. شۇندىن كېيىن بىز يىغىلىشتا ئەمەس، بەلكى كىتابخانىدا كۆپرەك ئۇچرىشىپ قالىمىز. ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ھەرقانداق كىتاب ـ ژۇرنال ئۇنىڭ كىتاب ئىشكاپىدىن ئەڭ ئاۋۋال ئورۇن ئالىدۇ. ئۇنىڭ بايلىقى شۇ كىتابلار، ئۇنىڭ دوستىمۇ شۇ كىتابلار. ئۇ خىزمەتتىن سىرتقى كۆپرەك ۋاقتىنى كىتاب ئوقۇش، تەتقىقات، شېئىر يېزىش ۋە ماقالە يېزىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئادەمنى ئەڭ قايىل قىلىدىغىنى ـــ ئۇ دېگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاپ ياشايدۇ. نۇرغۇن ياخشى كىتابلارنى بىزگە تەۋسىيە قىلىپ، بىللە ئىلگىرىلەشنى ئارزۇ قىلىدۇ. 2005 ـ يىللاردىن باشلاپ ئۇ كۆپرەك تەجەللى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ...

مەن ھەر دائىم ئۇچراتسام، كۆرىدىغىنىم: قارا سومكىسىنى ئاسقان كامىلجان كىتابلارنىڭ كۆپلۈكىدىن سەل بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ قالغان، سومكا شۇ قەدەر كىچىك كەلگەن، تۇرقى شۇنچىلىك ئاددىي، پاكىز، بىر نەرسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خىيال قىلمىۋاتقاندەكلا... ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى ھەر كۆرسەم بىر بۈيۈك سىما، بىر ئىللىق تۇيغۇ، بىر گۈزەل خىيال قەلبىمنى يورۇتىدۇ. 2013 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە قاغىلىق ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دەرس ئۆتۈش مۇسابىقىسىنى ئۇيۇشتۇردى. مەن، كامىلجان قاتارلىق بىر نەچچە ئەدەبىيات مۇئەللىملىرى دەرس باھالىغۇچى بولۇپ قاتناشتۇق. تۆت كۈن جەريانىدا ماڭا كامىلجان بىلەن كۈندە دېگۈدەك پاراڭلىشىش پۇرسىتى نېسىپ بولدى. ئۇ ھەر كۈنى قارا سومكىسىغا قاچىلانغان، مەن كۆرۈپ ئۈلگۈرمىگەن خىلمۇ خىل كىتابلارنى ئەكېلىپ، ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلدى. ئۇ شېئىرلىرىمغا پىكىر بەردى... شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، «كامىلجاننىڭ قارا سومكىسى» دېگەن شېئىرنى يازدىم. كامىلجان بۇ شېئىرنى كۆرۈپ بەك ھاياجانلاندى. دەرس مۇسابىقىسىگە قاتناشقانلار سورۇنىدىمۇ بۇ شېئىرنى ئوقۇپ بەردىم، ناھايىتى ئالقىشلاندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ شېئىرنى مەتبۇئاتقا ئەۋەتىش خىيالىغا كېلىپ، قەيەرگە ئەۋەتىش ھەققىدە ئويلىنىپ، ئاخىر «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىغا ئەۋەتتىم.




شېئىرىمنى ئەۋەتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدىكى مۇھەممەدسالىھ مەتروزىدىن تېلېفون كەلدى. «كامىلجاننىڭ قارا سومكىسى، قانداق سومكا؟» سورىدى ئۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇ شېئىرغا ئالاھىدە قىزىقىپ قالغانلىقىنى، ئاشۇ شېئىرنى مېنىڭ قانداق سەۋەب بىلەن يېزىپ چىققانلىقىمنى سورىدى. مەن بۇ شېئىرنىڭ يېزىلىش جەريانىنى ۋە كامىلجاننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم.

بۇ شېئىر «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2014 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا «شائىر ئادىل تۇنيازنىڭ ئىنىسى كامىل تۇنيازغا بېغىشلايمەن» دېگەن قوشۇمچە ماۋزۇ بىلەن ئېلان قىلىندى. ئەسلي شېئىردا بۇ قوشۇمچە ماۋزۇ ۋە كامىلجاننىڭ كىملىكى ھەققىدە ھېچقانداق ئىزاھات يوق ئىدى. مۇھەممەدسالىھ مەتروزى بۇ شېئىرغا ئاشۇ قوشۇمچە ماۋزۇنى چوقۇم قويۇش كېرەكلىكى، بولمىسا ئوقۇرمەنلەر بۇ شېئىرنىڭ قىممىتىنى تولۇق ھېس قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە تەكلىپ بەرگەنىدى. دېمىسىمۇ، مەن بىلگەن ۋە ئاشۇ شېئىرىمدا يېزىلغان كامىلجاننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى باشقىلارنىڭ بىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ شېئىرىم ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن خىزمەتداشلىرىم، دوستلىرىم، مېنى تونۇيدىغان نۇرغۇن شائىر، ئەدىبلەر، دېھقانلار، ئوقۇغۇچىلار تېلېفون، ئۈندىدار، QQلار ئارقىلىق مەن بىلەن بۇ شېئىر ھەققىدە پاراڭلاشتى. بۇ شېئىرنىڭ قوشۇمچە ماۋزۇسى قىلىپ بېرىلگەن «شائىر ئادىل تۇنيازنىڭ ئىنىسى كامىل تۇنيازغا بېغىشلايمەن» دېگەن سۆز ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ شېئىرغا بولغان ئالاھىدە دىققىتىنى تارتقانىدى. بەزى دوستلىرىم ھەتتا بۇ شېئىردا بىر رومانىنىڭ ۋەقەلىكىنى ئەكس ئەتكۈزگەنلىكىمنى، بۇ شېئىرنى ياخشى يازغانلىقىمنى ئېيتىپ، ماڭا كۆپ مەدەت بەردى. يەنە بىر قىسىم دوستلار كامىلجان ھەققىدە ھەرخىل سوئاللارنى سورىدى، ھەتتا كامىلجاننى تونۇش ئىستىكىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرىنى، ئادرېسىنىمۇ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ شېئىرنى يېزىش جەريانىم ھەققىدە بىر نەرسە دېيىشىمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم.

دەرۋەقە، مەن كاتتا ئۆلىما، شائىر، ئالىم ھەققىدە ئەمەس، بەلكى ئاددىي بىر ئوقۇتقۇچى، ئاددىي بىر ئوقۇرمەن ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەنىدىم. كامىلجاننىڭ قارا سومكىسى سەزگۈلىرىمنى غىدىقلاپ، ھاياتلىق ئالىمىگە شۇنچە گۈزەل شېئىرىي تۇيغۇلارنى چاچقىنىدا، قەلبىمنىڭ نەقەدەر گاللىقىدىن ئەپسۇسلاندىم. قەلبىمگە ئاللىبۇرۇنلا يېزىلغان بىر پۈتۈن شېئىرنى قەغەز

يۈزىگە چۈشۈرۈش جەريانىدا نۇرغۇن مىسرالارنى خاتىرىلىيەلمىدىم. چۈنكى، كامىلجان شېئىرغا ئوخشاش سەممىي ئىنسان، شېئىردەك مۇلايىم، ئادىمىيلىك پەزىلەتتە ناھايىتى ئىخلاسمەن بىر شائىر ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر ئەدىبلىرىدىن تېيىپجان ئېلىيېف، بوغدا ئابدۇللا، ئوسمانجان ساۋۇت، ئەخمەتجان ئوسمان، پولات ھېۋزۇللا، ئادىل تۇنىياز، غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدۇ، تەتقىق قىلىدۇ؛ كىلاسسىكلاردىن مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نەۋايى، سەككاكىي، مەشرەپ، تەجەللىي... لەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىزدەپ يۈرۈپ ئوقۇپ تەھلىل قىلىدۇ، ئۆگىنىدۇ. بەلكىم ئۇنى «تەجەللىيشۇناس» دېسەك ئارتۇق كەتمەس. بۇ جەھەتتە ئۇ ماڭا گويا كىچىكلىتىپ قويۇلغان بوۋايدەك كۆرۈنىدۇ. چەتئەل ئەدەبىياتىدىن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن داڭلىق يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قولىدىن تېپىلىدۇ. 2000 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا مىستېرال، ئابدۇللا توقاي، ئاننا ئەخمەتوۋالارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى كامىلجاندىن بىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقانىدىم.

شۇڭا دەيمەن: ئۇ تەتقىقاتتا ھىجراندا تولغانغان بۇلبۇلغا ئوخشايدۇ. ئۇ ھەر دائىم «مىستېرال، ئاننا ئەخمەتوۋالارنى ئۇيغۇر شائىرەسىدەك ھېس قىلىمەن» دەيدۇ. ئۇنىڭ قارا سومكىسى بىر دۇنيا. ئۇ كېچىنى كىتاب ئوقۇشقا، كۈندۈزنى ئەۋلاد تەربىيەلەشكە سەرپ قىلىدىغان (ۋاقتىنى مۇكەممەل كونترول قىلغان) تىرىشچان ئادەم، بىلىم ۋە پەزىلەتتە تولغان مۇئەللىم. ئۇ ۋاقتىنى ئەسلا بىھۇدە ئىشلارغا سەرپ قىلمايدۇ. ئۇ ھەربىر دەقىقىنىڭ قولىقىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ ھېساب ئالىدىغان ھەم ھېساب بېرەلەيدىغان شائىر. ئۇنىڭ قوللىرىغا چىققان كىتاب ئۇنۇمسىز قالمايدۇ. ئۇ قاغىلىقنىڭ ئاددىي تېرەكلىك يوللىرىدا تېخىمۇ كۆپ مەرىپەت ئىزدەيدۇ، ئېرىشكەنلىرىنى مۇنبەرگە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلب دۇنياسىغا مېھىر ۋە مۇھەببەت بىلەن تۆكىدۇ. ئۇنىڭ قوللىرىدا ئۇچۇرما بولغانلار ھەرقانداق جايغا بارسا كامىلجاننى ئىزدەيدۇ، كامىلجاننى ئۆزىگە ئۆرنەك قىلىدۇ، ئۇلارغا باشقىلارنىڭ بىلىمى ھەقىقەتەن ئاجىزلىق قىلىدۇ...

نەۋايى غەزەللىرىنى يادلاۋاتقان كامىلجان گويا 600 يىل ئىلگىرىكى «نەۋايى»، تەجەللىينى تەتقىق قىلىۋاتقان كامىلجان، گويا 150 يىل ئىلگىرىكى «تەجەللىي» بولۇپ ياشايدۇ؛ ئادىل تۇنىيازنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى سۆزلەۋاتقان كامىلجان گويا ئادىل تۇنىيازنىڭ يۈرىكى بولۇپ ياشايدۇ... ئۇلار بىر تىزىقتىكى قوش مېغىزدەك ھاياتىمىزغا ئالاھىدە تەسىر قىلىپ ياشاۋاتقان كىشىلەردىن ھېسابلىنىدۇ.



بەلكىم ئوقۇرمەنلەر: سەن دەۋاتقان بۇ كىشىنى بىرەر ژۇرنال بېتىدە كۆرمەپتىمىز، دېيىشى مۇمكىن. دەرۋەقە، يېقىنقى ئۈچ ـ تۆت يىل مابەينىدە كامىلجاننىڭ بىر قىسىم ئىلمىي ژۇرناللاردا ئۈچ ـ تۆت پارچىلا ماقالىسى ئېلان قىلىندى، باشقا ئەسەرلىرىنى كۆرمىدۇق. لېكىن، ئىشىنىمىزكى: «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» دېگەندەك، پات ئارىدا ئىجادىيىتىنىڭ ۋە تەتقىقاتىنىڭ پارتلاش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان بۇ ئىجتىھاتلىق ياشقا يول ئوچۇق ۋە داغدام بولغۇسى... مېنىڭچە، ئۇنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ قۇرامىدىكى نۇرغۇن قەلەمكەشلەر تېخى ئۆگىنىپ بولالمىدى.

شۇنداق بىر گۈزەل ئۈمىدىم بار: قەلەم تۇتقان قوللار ھارمىغاي! كىتابقا تىكىلگەن كۆزلەر مەڭگۈ خىرەلەشمىگەي!

2014 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى. قاغىلىق

ئاپتورى قاغىلىق ناھىيە سىلىباغ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى
سۈرەتلەرنى مۇساجان ياسىن تارتقان

# شىنجاڭ «ئالتۇن ماكان» سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ ساغلاملىق مەھسۇلاتلىرى سىزگە ئەڭ ئېسىل سوۋغا بولالايدۇ!







بۇلار شىنجاڭ «ئالتۇن ماكان» سودا چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقىرىپ بازارغا سالغان، پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ئەڭ يېڭى ساغلاملىق مەھسۇلاتلىرى بولۇپ، بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى ھەم ئىشەنچلىكلىكى، ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن دۆلىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى خېرىدارلار تالىشىپ سېتىۋالىدىغان ئېسىل مەھسۇلاتقا ئايلاندى.

بويۇن، بەل ـ ئومۇرتقا تەخسىسى چىقىۋېلىش، بويۇن ـ بەل ئومۇرتقىغا سۆڭەك ئۆسۈۋېلىش، پۇت ـ قول ئۇيۇشۇش، بوغۇم ئاغرىقلىرى، پۈتۈن بەدەن سوۋۇپ كېتىش، قان سوۋۇپ كېتىش، بەدەندە نەملىك ئېشىپ كېتىش، ئاشقازان سوۋۇپ كېتىش، ھەرخىل سوغۇق ئەگەزدىن بولغان ئاياللار كېسەللىكلىرى، داس بوشلۇقى ياللۇغى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، يۈز نېرۋا پارالىچ كېسەللىكلىرى، رېماتىزم، قەۋزىيەت، مەزى بېزى ياللۇغى، ئۇيقۇسىزلىق، گېمورىي قاتارلىق كېسەللىكلەرگە قارىتا ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ قوشۇمچە داۋالاش، ئوپېراتسىيەدىن كېيىنكى يارا ئېغىزلىرىغا ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بېرىشتە ئالاھىدە رولى بار.

شىركەت ئورنى: يەكەن ناھىيە ھەيدەرباغ يولى يېنىك سانائەت بىناسىدا
زاۋۇت ئورنى: يەكەن ناھىيە غەربىي ۋوگزال سانائەت باغچىسىدا
ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرى: 8518232 (0998)، 13309981227

# غۇلجا شەھىرى «چولپان» مېھمانخانىسى —

غۇلجا شەھىرىگە قەدەم باسقىنىڭىزدا، شەھەرنىڭ ئەڭ قايناق سەيلە ـ ساياھەت مەركەزلىرىنىڭ يېنىغا جايلاشقان «چولپان مېھمانخانىسى» سىزگە ئىللىق قۇچاق ئېچىپ، بۇ گۈزەل يۇرتتىكى ساياھەت ۋە دەم ئېلىشىڭىزنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز دەملىرىدە ئۆز ئائىلىڭىزدىكى ئەركىن ـ ئازادىلىكنىڭ كۆڭۈللۈك تۇيغۇلىرىنى بەخش ئېتىدۇ!









ئادرېسى: غۇلجا شەھىرى شىنخۇا شەرقىي يولى 28 ـ نومۇر
ياتاق زاكاز قىلىش تېلېفونى: 8022111، 6762555 (0999)



روزىمۇھەممەد نىزام

# خىيال دوقمۇشلىرى

★ ئالىمنىڭ يۈركى يىغلىسا، زالىمنىڭ كۆزى يىغلايدۇ.

★ مەنىۋى دۇنياسى ئاجىز كىشىلەر ئاسانلا ماددىي دۇنيانىڭ قۇلىغا ئايلىنىدۇ.

★ ئىنساننىڭ قولىدىكى ئالىي ھوقۇقلىرىدىن بىرى — ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر - قىممىتىنى بارچە كۈچى بىلەن قوغداشتۇر.

★ شەكىللىۋازلىق ئەۋج ئالغان خىزمەتتە ئۈنۈم ھامان پالەچ ھالەتتە تۇرىدۇ.

★ قىممەت يارىتالمىغان ئەمگەك — ئەمگەك ھېسابلانمايدۇ، چۈنكى ئەمگەكنىڭ ماھىيىتى شەيئىلەر ھەرىكىتىنى قىممەتكە ئىگە قىلىشتۇر.

★ ھەقىقەت يولىدا مۇشكۈلاتلار بەك جىق، ئىنسان شۇ مۇشكۈلاتلار ئۈستىدىن غالىب كېلەلىگەندە، ئاندىن دۇنيانىڭ ھەقىقىي ئادىللىقىنى كۆرەلەيدۇ.

★ بەخت ۋە گۈزەللىك ھەر دائىم ئەتراپىمىزدا ئەگىپ يۈرىدۇ، بىز پەقەت شۇ بەخت ۋە گۈزەللىكنى ئۆز ۋاقتىدا بايقىيالىغىنىمىزدىلا، ئاندىن بەخت ۋە گۈزەللىكتىن ئىبارەت بۇ بىر جۈپ قەدىردانلار بىز ئۈچۈن كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ.

★ ھاياتى ئەخلاق ۋە دىيانەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ئائىلىنىڭ باللىرى ھامان زەپەر قۇچىدۇ.

★ سەن ئىلىمدىن بىر غېرىچ يىراقلاشساڭ، ئىلىم سەندىن مىڭ غېرىچ يىراقلىشىدۇ.

ئاپتورى خوتەن ناھىيە يېڭىئېرىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى

# ئاز ۋە كۆپ...

ئابدۇراخمان ئابباس

ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ھاياتلىق ئۈچۈن تىرىشماي، بىلىم ئالماي ياكى بىلىم يېتىلمەي غەپلەتتە يۈرىدىغان، ئاندىن تارتقان جاپالىرىنى تەقدىرگە ئارتىدىغانلار كۆپ؛ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى يارىتقۇچىلار ئاز.

«قانچە بالىڭىز بار؟» دەپ سورىغۇچىلار كۆپ؛ «قانچە بالىنى ئوقۇتتىڭىز؟» دەپ سورىغۇچىلار ئاز.

باللىرىنى ئۇ باغچە، بۇ باغچىغا ئاپارغۇچىلار كۆپ؛ باللىرىنى كۇتۇپخانا، كىتابخانىلارغا ئاپارغۇچىلار ئاز.

باللىرى بىلەن بىللە كىنو كۆرگۈچىلەر كۆپ؛ بىللە كىتاب ئوقۇيدىغانلار ئاز.

باللىرىغا كەيپ - ساپا، كىيىم - كېچەك، چاي - يىغىلىشلارغا بېرىش، ھاراق ئىچىش، تاماكا چېكىشتە ئۈلگە بولغۇچىلار كۆپ؛ ئەدەپ - ئەخلاق، گۈزەل خۇلق، شەرم - ھايادا ئۈلگە بولغۇچىلار ئاز.

يېڭى چىققان ناخشا - مۇزىكا، كىنو پىلاستىنكىلىرىنى تالىشىپ سېتىۋالغۇچىلار كۆپ؛ يېڭى چىققان كىتاب - ژۇرناللارنى سېتىۋالغۇچىلار ئاز.

ناخشا - ئۇسسۇل چولپانلىرىنى، ھەتتا چەت ئەل چولپانلىرىنىمۇ تونۇيدىغانلار كۆپ؛ ئۆز مىللىتىدىن چىققان ئالىم، يازغۇچى - ئەدىبلەرنى تونۇيدىغانلار ئاز.

ھەر كۈنى سائەت - سائەتلەپ تېلېۋىزور، كىنو كۆرسە بېشى ئاغرىمايدىغان، ئەمما بىر بەت كىتاب ئوقۇسا بېشى ئاغرىپ بىئارام بولۇپ كېتىدىغانلار كۆپ؛ كىتابنى ئۆزىگە سادىق ھەمراھ قىلغۇچىلار ئاز.

ئۈلپەتداشلىرى بىلەن دائىم توپلىشىپ غىزالانغۇچىلار كۆپ؛ ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، بالىۋاقىلىرى بىلەن بىر داستىخان ئۈستىدە تاماق يەيدىغانلار ئاز.

ھەر ئايدا بىر قۇر يېڭى كىيىم سېتىۋالغۇچىلار كۆپ؛ ئۆمرىدە بىر قېتىم يېتىم - يېسىرلارغا بىرەر قۇر كىيىم ئېلىپ بەرگۈچىلەر ئاز.

ئۆز خاتالىقىنى باشقىلاردىن كۆرگۈچىلەر كۆپ؛ ئۆزىدىن كۆرگۈچىلەر ئاز.

باشقىلارنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى كوچىلاپ، تىرناقتىن كىر ئىزدەپ يۈرگۈچىلەر كۆپ؛ ئەمما ئۇلارنىڭ گۈزەل خىسلىتى، ئېسىل پەزىلىتى ھەمدە ئارتۇقچىلىقىنى كۆرگۈچىلەر ئاز.

ئاپتورى ئۈرۈمچى شەھىرى ئالتىبېتىر يولى 523 - نومۇر «ئاقىللار كومپيۇتېر مۇلازىمەت مەركىزى»دە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



سوئال: مەن بىر ماتېرىيالدىن «تارىخنى دائىم ئەينەك قىلىش كېرەك» دېگەن جۈملىنى ئۇچرىتىپ قالغانىدىم، بىر كۈنى چېچىمنى تاراش ئۈچۈن ئەينەك تاپالماي ئاشۇ گەپ ئېسىمگە كېلىپ، ئۆيدىكى كونا «تارىخ» كىتابىنى ئالدىمغا ئەكېلىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ كەتسەممۇ، ئۆزۈمنى پەقەت كۆرەلمىدىم. قارىغاندا ئۇ گەپ يالغان ئوخشىمامدۇ؟

**—— «تەڭرىتاغ تورى»دىن توخنىياز ئىسمائىل نىدائىي**

جاۋاب: «ئەينەك» قىلىنىدىغان تارىخ چاچ تاراشقا ئەمەس، بەلكى كىشىلىك هايات ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تارىخىي مۇساپىدىن كۆرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؛ سىز ئېيتقاندەك ئاددىي چۈشىنىدىغانلار ئەينەك ئىزدەپ يۈرمەي، ياخشىسى كىر يۇيىدىغان داسقا سۇ تولدۇرۇپ قويۇپ، شۇنىڭدىن ئەكسىنى كۆرۈپ چاچ تارىسا بولغۇدەك!

سوئال: «كىتابسىز تۇرمۇش —— قۇياشسىز تۇرمۇش» دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ قويساڭلار بوپتىكەن!

**—— مارالبېشى ناهىيەسىدىن مەخسۇم مۇسا**

جاۋاب : «كەتمەنىنىلا كۆتۈرۈپ كۆلگەنلەرنى كۆرمەيسەن،
كائىناتنى كۆمتۈرۈپ كۈندە كۈرمىڭ كەزسەڭمۇ؛
كۆكلىشىڭنىڭ كۆركىنى كامالەتكە كۆممەيسەن،
كىتاب كۆرمەي كۈندىلا كانىيىڭنى كەرسەڭمۇ»

دېگەن بىر كۇپلېت «هەرپىيات»نى ئەقىدە سۈيىدە چايقاپ كۈنىگە ئۈچ ۋاخ ئىچىپ بەرسىڭىزلا، يۇقىرىقى گەپنىڭ مەنىسى سىزنى ئۆزى ئىزدەيدۇ.

**—— توققۇزتارا ناهىيە مويۇنگۇزەر يېزا مويۇنگۇزەر مەكتەپتىن ئابدۇخېلىل مىرخېلىل**

سوئال: ئادەم پۇشايماندىن كېيىن ئەقىل تاپامدۇ ياكى ئەقىل تاپقاندىن كېيىن پۇشايمان قىلامدۇ؟

**— ئۈرۈمچى شەهىرى جەنۇبىي تىنچلىق يولى 58 - قورۇدىن ئابلەتجان**

جاۋاب: مېنىڭچە، ئەقىللىك ئادەم پۇشايمانلىق ئىش قىلمايدۇ، پۇشايمان قىلغانلىق ئەقىل تاپقانلىق بولمايدۇ.

سوئال: سۆيگۈ - مۇهەببەت تەسۋىرلەنگەن كىتابلاردىن: «لەيلىگە مەجنۇننىڭ كۆزىدە قاراش كېرەك» دېگەن گەپلەرنى ئوقۇغانىدىم. ئاغىنەمنىڭ لايىقىنىڭ ئىسمى «لەيلى» ئىدى، ئويلاپ قالدىم: ئاغىنەم قىز دوستىغا قاراش ئۈچۈن مەجنۇننىڭ كۆزىنى نەدىنمۇ تاپار؟

**—— «تەڭرىتاغ تورى»دىن توخنىياز ئىسمائىل نىدائىي**

جاۋاب: دوستىڭىز بۇنىڭدىن ئەنسىرىمەي، مەجنۇننىڭ كۆزىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىشكە هەرىكەت قىلسۇن. ئاشۇنى دەپ بېرەلىسە، كۆزئەينەك دۇكانلىرىدىن ئېهتىياجىغا لايىق مال تېپىلماي قالمايدۇ.

سوئال: كەيپ - ساپا كوچىسىدا جىق زىيان تارتىپ شۇنداق ئويلاپ قالدىم: ئادەتتە تاماكىلارنىڭ قېپىغا «سالامەتلىككە، ئۆپكىگە زىيانلىق» دەپ يېزىپ قويغاندەك، هاراق بوتۇلكىسىغا «بۆرەككە زىيانلىق» دەپ؛ يېقىشلىق، نازاكەتلىك قىزلارنىڭ پېشانىسىگە «يۈرەككە زىيانلىق» دەپ يېزىپ قويغىلى بولماسمۇ؟

**—— پەيزاۋات ناهىيە گۈللۈك يېزىسىدىن ئەسقەر**

جاۋاب: بولسا بۇنى يازغىلى،
يول قالامدۇ ئازغىلى؛

تۇرمۇشىمىزغا خۇشاللىق بېغىشلىغۇچى —

# هەزىل سوئالغا هەزىل جاۋاب ۋە جاۋاب كۈتكەن سوئاللار



سىزگە نېمە زۆرۈرى،
گەپ تېگىنى قازغىلى؟...
— توققۇزتارا ناھىيەسىدىن ئابدۇخېلىل مىرخېلىل

سوئال: مەن بازار، كوچىلارنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم: پەرداز - گىرىمسىز ئايال بولسا بولىدىكەنكى، سومكىسىز ئايال بولمايدىكەن، بۇ قانداق ئىشتۇ؟

**— بۇگۇر ناھىيەسىدىن ئەرشىدىن**

جاۋاب : بوپ قالسا ئايالالار ئەگەر سومكىسىز،
دەرد بولار ئۇلارغا يۇدۇپ قويىقۇسىز!
قاپاقىقا قايغۇ يوق، باراڭ ئالدىدا،
بوۋاقمۇ چوڭايماس قۇرۇق سوسكىسىز.

**— توققۇزتارا دۆگمەھەللە يېزىسىدىن ئابدۇخېلىل مىرخېلىل**

سوئال: سەھنە - ئېكرانلىرىمىزدا «ئەل سۆيگەن ناخشىچى»، «ئەل سۆيگەن ئاتاقلىقxx »، «ھەممىگە تونۇلغان xx » دېگەندەك ئاتاشلار كۆنسېرى كۆپىيىپ قالدى. قارىسام ئەلگىرى نامىنى ئاڭلىمىغان ياكى كۆرمىگەن بىر كىملەر... بىلمەكچى بولغىنىم شۇ: مۇنداق ئاتاقنى ئۇلارغا كىم بېرىدۇ؟ ئۇلار ئەلنى سۆيگەنمۇ ياكى ئەل ئۇلارنى سۆيگەنمۇ؟ ياكى بولمىسا ئابرۇيلۇق بولماق ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆزى شۇنداق ئاتىۋالامدۇ؟

**— قورغاس ناھىيەسىدىن رەشىدە**

جاۋاب: ئىلگىرى مەشھۇرلارنى، قەھرىمان ۋە چولپانلارنى تارىخي دەۋر يېتىلدۈرەتتى، ھازىر بەزىبىر تاراتقۇلار پۇل قوغلىشىپ، بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇقى بىلەن چىقىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، «كىمكى مەستانە بولسا شۆھرەتكە، بولىدۇ موھتاج ئۇ خۇشامەتكە؛ ساختا شۆھرەتتىن ئالتۇن تاپقانلار، ئايلىنار ئاخىرى ئۆزى ئەخلەتكە» دېگەن ھېكمەت ھەر دائىم ئېسىڭىزدە بولسۇن!

— توققۇزتارا ناھىيەسىدىن ئابدۇخېلىل مىرخېلىل

## جاۋاب كۈتكەن سوئاللار:

1 - سوئال: يولداش مۇھەررىر، نۆۋەتتىكى پاختا باھاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى بىلەن خانىم - قىزلار كىيىملىرىنىڭ بارغانسېرى ئاز، بارغانسېرى نېپىز، بارغانسېرى تار ۋە كالتە بولۇپ كېتىشىنىڭ مۇناسىۋىتى بارمىدۇ؟

**— ئۈرۈمچى شەھرىدىن ئالىمجان**

2 - سوئال: بىزدە: «ئوڭ قولۇڭ بەرگەن سەدىقىنى سول قولۇڭ بىلمىسۇن» دەيدىغان قاراش ۋە ئادەت بار ئىدى. ھازىرقى كۈنلەردە بىر خالتا ئۇن، بىر باك سۈيېغى، بىر - ئىككى يۈز كوي پۇلنى نامراتلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، سەھنە - ئېكرانلاردا داۋراڭ قىلىپ سۈرەتكە چۈشىدىغانلار بۇنى بىلمەمدۇ ياكى ئۇنداق قاراش «كونىلىق» بولۇپ كەتتىمۇ؟

**— يوپۇرغا ناھىيەسىدىن ئابدۇرۇسۇل**

3 - سوئال: «قۇرۇق گەپكە مۇشۇكمۇ ئاپتاپقا چىقماپتۇ» دېگەن ماقالنى بىلەتتىم، لېكىن ھازىر يۇرت ئارىلاپ سۈرۈن تۈزۈپ گەپنى پۇلغا سېتىپ، ھەر - ھەر كىشىلەرنى يىغىن زالى ياكى مەيدانلارغا چىقىرىدىغان ئىش بارغانسېرى مودا بولۇپ قالدى، كېيىنچە مەخسۇس «گەپنى پۇلغا ئايلاندۇرىدىغان شىركەت»لەر بارلىققا كېلەرمۇ؟

**— ئاتۇش شەھرىدىن ئەمەتجان**

### «تەڭرىتاغ تورى»دىن توخنياز ئىسمائىل ندائىينىڭ سوئاللىرى:

4 - سوئال: بىز دائىم باشقىلارنىڭ «ئۇنىڭدىن كۆڭلۈم سۇ ئىچمىدى» دېگەندەك گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئويلاپ قالدىم: ئۇلار ئاشۇنداق ئۇسساپ ئولتۇرغۇچە، دۇكانلاردىن مىنېرال سۇ ئېلىپ ئىچسە ياكى چاي قاينىتىپ ئىچسە بولمامدۇ؟

5 - سوئال: چوڭلار دائىم ياشلارغا: «ئادەمنىڭ كۆكسى - قارنى دەريادەك كەڭرى بولۇشى كېرەك» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. ئادەمنىڭ كۆكسى - قارنىغا بىر چەينەك سۇمۇ پاتمايدىغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ دەريادەك كەڭرى قىلغىلى بولار؟

6 - سوئال: كونىلار «پۇل تاپقۇچە، يول تاپ!» دەپتىكەن. مەن ھازىرغا قەدەر ماشىنا، تىراكتور، پويىز، هارۋا ۋە پىيادىلەر ماڭىدىغان نۇرغۇن يوللارنى تاپتىم، لېكىن تۈزۈكرەك پۇل تاپالمىدىم. بۇ نېمە ئۈچۈندۇ؟

7 - سوئال: چوڭلار ئىككى قىزنى تەڭلا ياخشى كۆرۈپ قالغان يىگىتلەرنى «ئىككى قېيىققا تەڭ دەسسىمەسلىك»كە ئاگاھلاندۇرىدۇ. ناۋادا ئاشۇ قىزلار ئۆزلىرىنىڭ «قېيىق»قا ئوخشىتىلغانلىقىنى ئاڭلىسا قانداق بولۇپ كېتەر؟

ئىمزاسىز جاۋابلارنى ئەركىن ئەبەيدۇللا تەييارلىغان

تەھرىراتتىن: ھەزىل سوئالى ياكى جاۋابى ئېلان قىلىنىغان ئاپتورلارغا شۇ سان ژۇرنالدىن بىر نۇسخا تەقدىم قىلىنىدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ سوئاللارغا جاۋاب ئەۋەتىشى ۋە قىزىقارلىق سوئاللارنى تېزدىن يوللىشىنى ئۈمىد قىلىمىز!

رەسىملەرنى ئادىلجان ئابلىز سىزغان

www.uyghurkitap.com





## شېئىرلار

غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد

### تەبىئەت. ئايال

جىمىرلىغان يۇلتۇز — كۆزلىرى،
شىۋىرلىغان بۇلاق — سۆزلىرى،
شىلدىرلىغان دەريا — يوتىسى،
قاپقاراڭغۇ — بوستان چاچلىرى،
تال ـ تال ئۆسكەن قىياق — كىرپىكى،
مۇڭغا پاتقان گۈلخان — كىندىكى،
ئوڭدا ياتقان بارخان — ئەمچىكى،
ئېھ،
تەبىئەتنىڭ ئايال كېچىسى...

### يار ھەققىدە غەزەل

جىسمىم قەدەھ،
روھىم شاراب.
لەززىتى ئۇنىڭ
ئازابتۇر، ئازاب...
سۆيگۈ — كېچىگە ئىمسال
تاڭ ئاتقۇچە،
كۈن چىققۇچە...
يار — شەكىلسىز دار.
ئۆلەي، ئۆلەي
ئۆلەي، ئۆلەي!...

### سۆيگۈ ئىزدەمسەن؟

سۆيگۈ ئىزدەمسەن، سۆيگۈسىز بولۇپ،
نە شادى ئۇنىڭ، نە بىر ئازابى؟
ئىچىپ مەست بولساڭ ئۆزۈڭگە تولۇپ،
قۇيسا چىنەڭگە كەۋسەر شارابى...

سۆيگۈ ئىزدەمسەن، قەلبىڭگە باققىن،
دەريا بولۇپ سەن دەردىڭدە ئاققىن.
مىڭ دانە بولۇپ، دۇردانىلەردىن —
ئاخىر يېگانە ئۆزۈڭنى تاپقىن.

سۆيگۈ ئىزدەمسەن، ئۆزۈڭدە ئۆز بول،
ئىزھارى دەمسەن، سۆزۈڭدە سۆز بول؛
دۇنيا تىلسىمات، بار ھايات ـ مامات،
ئۆچۈر قۇياشنى، كۆزۈڭدە كۆز بول!

ئاپتورى خوتەن ۋىلايەتلىك
پاسازىرلار باش بېكىتىدە



## بۇغدايئۆك

رەخىم ياسىن قايىنامى

باھاردىكى بۇلاقلار
ئاۋازىڭنىڭ شەكلىنى
كۆزلىرىڭگە تۇتاشتۇرماقتا؛
كۆزلىرىڭ سەھرانىڭ يىراق گۈگۈمى
ئوچاققا ئوت تۇتاشتۇرماقتا...

يۇلتۇز ـ سېنىڭ كۆزلىرىڭ،
خىيال پەردىلىرىگە ئورۇنۇۋاتقان؛
بۇغداي — سېنىڭ تېرىڭ، ئىيۇلدىكى —
چۈشۈمنىڭ ئورغىقىدا ئورۇلۇۋاتقان؛
ھاۋادىكى بۇلۇتتۇر كۆڭلۈم
يامغۇرلىرى تۆكۈلۈۋاتقان...

ئاپتورى قورغاس ناھىيە ھاجىمى چوڭ
بازىرى 257 ـ دۇكاندا



## رۇبائىيلار

ئابلىز ئۆمەر ئەنجانى

ئويغاق — بىھۇشنىڭ پىكرىنى ئاچار،
ئىشچان — ھۇرۇننىڭ رىسقىنى تاپار.
بەخت ـ سائادەت مېھنەتتە، بىلسەڭ،
ئىنسان تەرى بىلەن قەدرىنى تاپار.

ياخشىلىققا قىلالمىدىم ياخشىلىق،
بېرەلمىدىم ھەتتا بىر ۋاخ ناشتىلىق.
بۇ ئۆمرۈمدە قەرزدارمەن ئۇلارغا،
يۈرىكىمدە تەشەككۇرۇم لىقمۇ ـ لىق.

ياخشىلىق قىل يازماي تۇرۇپ دەپتەرگە،
ئاۋام ئۇچۇن كۆكرەك كەرگىن خەتەرگە.
قىلغىنىڭنى ئۇنتۇپ كەتسەڭ راستىنلا،
سەن ئوخشايسەن قۇياش ياكى ئەختەرگە.

ئاپتورى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ
پېنسىيونېرى



## شېئىر ۋە قىز

ئابلىز ئۆمەر ھاجى

ئېچىپ قويدۇم تۈڭلۈكنى قىيا،
«ئۇچۇپ چۈشەر» دەپ غايىبتىن بىر قىز.
ئايلىنار دەپ شېئىرغا دۇنيا...

ئېچىپ قويدۇم تۈڭلۈكنى قىيا،
چۈشۈپ قالار بەلكىم ئاي ـ يۇلتۇز.
بىر سالا نۇردەك
ياكى بىر تېمىم يامغۇردەك.

ئېچىپ قويدۇم تۈڭلۈكنى قىيا،
پەرىشتىگە ئايلىنىپ بىر قىز
شېئىر بولۇپ كىرىپ قالسا دەپ،
مېنى قايتا تۇغۇپ سالسا دەپ...

ئېچىپ قويدۇم تۈڭلۈكنى قىيا،
ئېچىپ قويدۇم قەلبىمنى يەنە.
ئاشۇ قىزدىن سۆيۈنمەكتىدۇر،
شېئىرسىرىغان قەلبلەر ئەنە...

ئاپتورى «قومۇل گېزىتى» ئۇيغۇر
تەھرىر بۆلۈمىدە



## ئىزدىسەڭ

مەخمۇت ئاۋۇت ئۈڭمەس

ھەر نەپەس مېھنەتنى يار بىل، گەر ھالاۋەت ئىزدىسەڭ،
تەر ـ ئەجىر تۆككىن ئېلىڭگە، گەر ئىناۋەت ئىزدىسەڭ.

يۈيۈۋەت، پاكلا ئۆزۈڭدىن نەس كىبىرلىك كىرىنى،
دىلغا تاڭغىن يۇرت ـ ۋەتەننى، گەر سائادەت ئىزدىسەڭ.

ياندىشىپ نەپسى ھارامغا، چەتنىمە ئەلدىن يىراق،
ھەق ئۈچۈن قەددىڭنى رۇسلا، گەر ئادالەت ئىزدىسەڭ.

چىن مۇھەببەت شامى ياندۇر مېھرىبانىڭ قەلبىدە،
ئەقىدەڭدىن تانما ھەردەم، گەر ساداقەت ئىزدىسەڭ.

بويىما سىرتىڭ بوياقتا، يۈرىكىڭ بولسۇن گۆھەر،
ياقلا چىن ۋىجدان ـ غۇرۇرنى، گەر لاتاپەت ئىزدىسەڭ.

ئاپتورى باي ناھىيە كانچى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە



## گەر كېتىشنى خالىغان بولساڭ

راخمانجان ئاۋۇت ئۆزھال

گەر كېتىشنى خالىغان بولساڭ،
قايرىلمىغىن ئارقاڭغا تەكرار.
ئەسلەشلەرگە بەرمىگىن ئورۇن،
كەتكىن جىملا، كەتكىن بىغۇبار .

بىزار قىلغان مەن ئەمەس، بەلكىم —
پېشانەڭگە يېزىلغىنى بار؛
بىزگە باقماس تەقدىر ئالدىدا
كۆتەر بىزنى يەنە بىر باھار .

سۆيۈشلەردىن بەزگەن كۆڭۈلگە،
يەنە نېمە بولار تەسەللى؟...
كەتكىن، كەتكىن... يېنىمدىن تېزرەك،
بار ئۆتمۈشنى ئۇنتۇيلى ئەمدى .

بەخت ئىزدەپ بەختتىن قېچىپ —
ياشاش بىزگە ئاخىرقى مەقسەت.
سۆيۈپ، سۆيۈپ تۇگەيدۇ بەلكىم،
لەۋلەردىكى ئوتلۇق ھارارەت...

كېتىش ئەمەس، باشلىنىش ياكى
ئاخىرلاشقان «تەقدىر» ئۇقۇمى.
كۆتۈرىمىز ھارغىنلىق بىلەن،
بۇ ھاياتنىڭ ئېغىر يۈكىنى .

نەگە كەتسەڭ يەنە سۆيۈش بار،
قايغۇ بىلەن يەنە كۈلۈش بار؛
ھايات دېگەن مانا مۇشۇنداق،
ئۇندا ۋىسال ياكى ئۆلۈش بار...

ئاپتورى شىنجاڭ ئوپېرا – تىياتىر
ئۆمىكىدە



## تامدىكى قىزلار

(مىڭئۆي تام رەسىملىرىگە)

مۇتەللىپ مەنسۇر ئوۋچى

تامغا بەنت
ۋاقىتتىن ھالقىغان قىزلار،
قىمىرلايدۇ تامنىڭ يۈزىدە
قەدىمىي كۈسەن.

يالىڭاچ بىلەكلەر ھاۋاغا...
كۆڭۈل تاملىرى سويۇلۇپ چۈشەر
ياڭراۋاتقان نەغمە – ناۋاغا.
كۆزلىرىڭ، ئاھ... مەستانە كۆزلىرىڭ
ئېچىلدۇردى يارا ئاغزىدىن
قىزىل گۈللەر... ئاھ، قىزىل گۈللەر...

بىلەكلىرىڭ، ئېھ... بىلەكلىرىڭ...
كۆيۈۋاتقان ئوتسەن يالقۇنلاپ؛
چاچلىرىڭ، ئېھ، قارا چاچلىرىڭ
دېڭىز كەبى تۇرار دولقۇنلاپ.

نەي چېلىۋاتقان قەدىم كۈسەنلىك
مەن بولۇشۇم مۇمكىنغۇ، بۇ دەم.
يىلانلارنى ئۇسسۇلغا سېلىپ
كۈي كۈيلەيمەن تاملاردا شۇ دەم...

ئاپتورى يېڭىسار ناھىيەلىك 3 – ئوتتۇرا
مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى



## باھار

ئوسمان تۇرسۇننىياز تۇغلان

كېلەر سەندىن گۈللەرنىڭ ھىدى،
«بۇلبۇل» دېدىڭ شېخىڭغا قونسام.
ئۇيۇقىڭغا پاتقان قۇياشمەن،
لەۋلىرىڭدە پىنھان يايرىسام.

ياپرىقىڭنى قايرىسام تال – تال،
تەبەسسۇمىڭ جاننى ئالارمۇ؟
شامال كەبى باغرىڭنى ياساڭ،
كۆڭلۈم ساڭا نۇردەك تارارمۇ؟

قۇشلىرىڭنى ئۇركۇتسەڭ ماڭا،
پەيلىرىنى كېلەر سىلىغۇم.
قوللىرىمنى تۇتساڭ ناۋادا،
كۈل بولىمەن ئىچىمدىن، چوقۇم!

سۆيسەڭ ئەگەر، يامغۇردەك سىم – سىم،
تاشلىنىدۇ ساڭا نەم خىيال.
سېغىندۇرغان پەسىل سەن، ئوت سەن،
گۈل – چېچەكلىك باھار يا ئايال.

ئاپتورى گۇما ناھىيە سانجۇ
يېزا چاسكام كەنتىدە

## باغلىدى بىر سۆز مېنى



ئادىلجان ئابدۇرېھىم

سۇ بولۇپ ئاقسام كۆڭۈلنىڭ لالىرەڭ گۈلخانىدا،
«ئوت» دېدى چۆللەر ئىچىمنى سۆيگۈنىڭ ئوكيانىدا.
قاتمۇقات ئارقانلىرىدا باغلىدى بىر سۆز مېنى،
«يار» دېگەن ئاپپاق كىتابنىڭ ئەڭ گۈزەل داستانىدا.
سىلكىنىپ ئۇچقان شاماللار چوغ ئىدى باغرىمدىكى،
توزۇدى غەمكىن باھار گۈلنىڭ سوغۇق زىنىدانىدا.
ياپپېشىل كۆكسۈمدىكى قۇشلار ھاۋاغا ئۆرلىدى،
كۆزلىرىم يۇلتۇز گويا، ئاينىڭ يىراق ئاسمانىدا.
ئىز سېلىپ كەتتى دىلىمغا كىرپىكى كۆيگەن دەرەخ،
ئۆركىشىم قالدى پىراقنىڭ رەڭمۇرەڭ بارخانىدا.
يېرىلىپ چىقسام ئىچىمدىن يۇتمىغاي تۈنلەر مېنى،
چاڭقىغان تاشمەن ۋىسالنىڭ چاكىنۇ چاك پەيمانىدا.
بىغۇبار چۈشنىڭ قېتىدىن ئۆچسىمۇ ياپراقلىرىم،
كۆكلىگەي ئادىل مۇھەببەتنىڭ شېرىن ھىجرانىدا.

ئاپتورى گۇما ناھىيە سانجۇ يېزا سانجۇ كەنتى 70 – قورۇدا




权威报道中国民族的国家级综合性双月刊

主管/ 国家民族事务委员会
主办/ 民族团结杂志社
(汉、英、蒙古、维吾尔、哈萨克、朝鲜六种文字出版)

# 中国民族

维吾尔文版 /2015/4

社长、总编辑/ 魏国雄( 回族)
副社长、副总编辑/ 邵彬
副总编辑/ 李小林( 苗族)
副社长/ 满吉拉( 蒙古族)

维吾尔文(1988年创刊 总第161期)

编辑/ 维吾尔文编辑部

主编/ 买买提沙力· 买提肉孜
编辑部副主任/ 艾尔肯· 艾拜都拉
编辑/ 图尔洪· 伊里提孜
美术编辑/ 迪里夏提· 伊德里斯

□ 联系我们

主编/ 0991 - 8533288
维吾尔文编辑部/ 0991 - 8558377
哈萨克文编辑部/ 0991 - 8557005
美术编辑办公室/ 0991 - 8558377
新疆分部办公室/ 0991 - 8530016

汉文编辑部/ 010 - 64273316
蒙古文编辑部/ 010 - 58130955
朝鲜文编辑部/ 010 - 64220735
英文编辑部/ 010 - 64257510

□ 投稿、广告、互联网

京东工商广字 0028 号
投稿邮箱/ millatlar1988@sohu.com
广告热线/ 0991 - 8530016
维吾尔文版网址/ www.seltenet.com

□ 发行服务

出版单位/ 民族团结杂志社新疆分部
单位地址/ 乌鲁木齐市新华南路 918 号
新工花园 2 层
邮政编码/ 830049
印刷装订/ 新疆新华华龙印务有限责任公司
发行/ 新疆维吾尔自治区报刊发行局
订阅/ 全国各地邮局
国内统一连续出版物号/ CN11 - 4608/C
国外代号/ BM178U
邮政发行代号/ (新)58 — 117
出版日期/ 单月 25 日
定价: 8 元


# CONTENTS


★ 卷首语
01 每个人都有创新能力 / 阿布都卡迪尔·加拉力丁(编译)

★ 视窗
04 新疆叶城恰尔巴格镇第一届桃花节 / 金炜/摄
06 广西三江:民族歌舞助力普法宣传 / 龚普康/摄

★ 民族工作信息
08 新疆维吾尔自治区民族工作会议暨第七次民族团结进步表彰大会召开

★ 本刊特稿
09 习仲勋情系少数民族(1)
16 国家统一与民族兴旺的制度保障 —— 十届全国人大常委会副委员长司马义·艾买提访谈录

★ 民族工作研究
12 以人为本:协调民族关系的根本理念 / 隋青

★ 民族与文化
23 新疆13个非物质文化遗产项目入选第四批国家级非遗代表性项目名录
24 哈密地区维吾尔族传统服饰刺绣艺术及刺绣文化探析 / 玉努斯·沙迪克

★ 龟兹文化论坛
34 给您介绍新疆库车县部分重要旅游景点(1) / 艾海提·达吾提

★ 民族与习俗
36 在"艾德莱斯之乡"举行的大型集体婚礼 / 吾尔开西·加帕尔

★ 民族与时代青年
40 "大学之城"武汉求学道路上坚持不懈的维吾尔族青年们 / 夏迪亚·阿马努拉,古丽博斯坦·吾拉木

★ 民族与饮食
49 新疆岳普湖县铁力木乡的戈壁滩烤肉 / 萨迪尔·萨比尔

★ 读书开启的谈话
50 关于读书的访谈—— 访著名诗人买买提江·热西丁、语言学教授阿布都鲁甫·甫拉提、研究员阿布都热扎克·萨依木 / 古丽夏提·太来提、阿布都肉苏里·阿布都热依木、美热班·尼亚孜

★ 古丽穆
58 女诗人诗歌之选 / 阿米娜·阿布都瓦依提(塔吉克族)等

★ 访谈
60 兴边聚民心 富民促发展 新疆生产建设兵团兴边富民行动成效显著 访新疆生产建设兵团民族宗教事务局穆坦力甫·买提托合提局长 / 买买提沙力·买提肉孜

★ 读者心目中的《中国民族》杂志
66 我有话对《中国民族》杂志说 / 阿拉提·阿斯木等

★ 作家之谈
71 浅谈《卡米力江的黑书包》一首诗 吾热也提·买买提

★ 文萃精华
75 拐角处的思想 / 肉孜买买提·尼扎木
75 多与少 / 阿布都热合曼·阿巴斯

★ 有趣问答
76 有趣问答 / 托合提尼亚孜·司马依、阿布都黑力力·米尔黑力力等

★ 花坛
78 诗歌之选 / 霍加买买提·买买提、热合木·亚森等








封面: 花儿与笑容 / 阿不力克木·艾买提 摄影
封二: 新疆维吾尔自治区民族工作会议暨第七次民族团结进步表彰大会在乌鲁木齐市召开 / 卢民一、侯志伟摄
封三: 少数民族名人·优秀摄影作品欣赏 — 国际牙医师学院院士(ICD) — 迪丽努尔·阿吉教授 / 库尔班·买买提/摄
封底: 汇聚民族特色和传统民俗的喀什噶尔《凯斯尔》餐饮宾馆

# جۇڭگو سىيمالىرى

## مەن ئۇچراشقان كىشىلەر ـ



# دۇنيا چىش دوختۇرلىرى ساھەسىدىكى ئاكادېمىك ــــ دىلنۇر ھاجى

2015 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ [illegible] كۈنى ئېچىلغان خەلقئارا چىش دوختۇرلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو رايونىدىكى 2015 ـ يىلل[illegible] يېڭى ئاكادېمىكلىرىنى ئېلان قىلىش يىغىنىدا، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى [illegible]تۇرخانا ئېغىز بوشلۇقىنى تۈزەش ـ ئەسلىگە كەلتۈرۈش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور، [illegible]ر ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى، مۇدىر ۋراچ دىلنۇر ھاجى «چىش دوختۇرلىرى ساھەسى بويىچە [illegible]ادېمىك» شەرىپىگە ئېرىشتى.

دۇنيا چىش دوختۇرلىرى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئەڭ ئالىي كەسپىي ئورگىنى بولغان خەلقئارا چىش دوختۇرلىرى ئىنستىتۇتى (ICD) ـ چىش كېسەللىكلىرىنى داۋالاش بويىچە خەلقئارادىكى ئۈچ چوڭ تىببىي تەشكىلاتنىڭ بىرى بولۇپ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا قۇرۇلغان. باش ئىشتابى ئامېرىكىنىڭ مارىيلەند شتاتىدا. بۇ تەشكىلات چىش كېسەللىكلىرى بويىچە داۋالاش، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش، پەن ـ تەتقىقات ۋە باشقۇرۇش قاتارلىق ساھەلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى باش مەقسەت قىلغان، ئېغىز بوشلۇقى ـ چىش كېسەللىكلىرىنى داۋالاش بويىچە تىببىي ئىلىم ساھەسىدە ئالاھىدە تۆھپىسى بار، ئەڭ مۇنەۋۋەر، داڭلىق چىش دوختۇرلىرىنىڭ خەلقئارالىق، نوپۇزلۇق تىببىي ئىلىم تەشكىلاتى. بۇ تەشكىلات چىش كېسەللىكلىرىنى داۋالاش بويىچە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ھەم چىش كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلغان ئەڭ مۇنەۋۋەر چىش دوختۇرلىرى ۋە سەرخىل ئاكادېمىكلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، يەنە دۇنيا چىش كېسەللىكلىرى ئىلمى ساھەسىگە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان دوختۇرلارنى كەسپىي جەھەتتىن باھالاشنى ھەم ئۇلارغا مەسلىھەت بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان.

دىلنۇر ھاجى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىن. 1979 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، شۇ يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ تەبىئىي پەن تۈرىدە خەنزۇچە ئوقۇغان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 1 ـ بولغان ۋە بېيجىڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنىپ، 1984 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتكۈزگەن. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا ئېغىز بوشلۇقىنى تۈزەش ـ ئەسلىگە كەلتۈرۈش بۆلۈمىگە خىزمەتكە چۈشكەن. ھازىر مەزكۇر بۆلۈمنىڭ مۇدىرى.

دىلنۇر ھاجى كۆپ يىللىق كلىنىكىلىق داۋالاش، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، چىش كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ۋە ئېغىز بوشلۇقىنى تۈزەش ـ ئەسلىگە كەلتۈرۈش بويىچە ھەر مىللەت بىمارلىرى ئۈچۈن سەمىمىيلىك ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن مۇلازىمەت قىلىپ، بىمارلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا، كەسپداشلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى بويىچە كۆپ قېتىم «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» بولۇپ مۇكاپاتلانغان؛ ھازىرغىچە 25 نەپەر ئاسپىرانتنى تەربىيەلىگەن.

دىلنۇر ھاجى ھازىر جۇڭخۇا ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى ئېغىز بوشلۇقىنى تۈزەش ـ ئەسلىگە كەلتۈرۈش كەسپىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى ئېغىز بوشلۇقىنى تۈزەش ـ ئەسلىگە كەلتۈرۈش كەسپىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ھەيئىتى.

ماقالىنى مۇھەممەدسالىھ مەتروزى تەييارلىغان، سۈرەتنى قۇربان مۇھەممەت تارتقان.

# جۇڭگو مىللەتلىرى




قەشقەرنىڭ سېھرىي كوچى ۋە يۈرىكىڭىزگە مەڭگۈ ئۆچمەس بولۇپ تۇتاشقان ئۆتنىڭ ئىللىق مېھرىنى «قەسىر»دە ھېس قىلىسىز. مېھمانخانا ۋە يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى بىر گەۋدىلەشكەن «قەسىر» سارىيى قەشقەردىكى ساياھەت ھەم دەم ئېلىشىڭىزنىڭ راھەتنى ۋايىغا يەتكۈزىدۇ. قەشقەرنى ھەقىقىي چۈشەنمەكچى بولسىڭىز، ئۇيغۇر مىللىي، ئەنئەنىۋى يېمەك - ئىچمەكلىرىدىن ۋە قەشقەرنىڭ يەرلىك ئالاھىدە يېمەك - ئىچمەكلىرىدىن ھوزۇرلانماقچى بولسىڭىز، «قەسىر» سارىيىغا مەرھەمەت قىلىڭ!

مەنزىل: قەشقەر شەھىرى «ئەسىر يولى» 10- نومۇر (شىنيفا سودا شەھەرچىسىنىڭ ئۇدۇلىدا)

ياتاق زاكاز قىلىش تېلېفونى: 2657000 (0998) تاماق زاكاز قىلىش تېلېفونى: 2657111 (0998)

















《中国民族》维吾尔文版（双月刊）国家标准刊号：ISSN 1009-8917 国内统一连续出版物号：CN11-4608/C 国内邮发代号：（新）58-117 :پوچتا ۋاكالەت نومۇرى
国外代号：BM178U :چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى 定价：8 元 «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى (قوش ئايلىق ژۇرنال) يەككە باھاسى: 8.00 يۈەن www.seltenet.com